
بسم الله الرحمن الرحيم

واعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا



# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

# المسلم الصيني

2

1983

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com




شى جۇڭشۈن، بۇرھان شەھىدى، ياڭ جىڭرېن ۋە ما سۇڭتىڭلار تەبرىكلەش يىغىنىدا.
(سۈرەتنى يۈي كەيفېڭ تارتقان)



مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شى جۇڭشۈن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆز قىلماقتا.
(سۈرەتنى يۈي كەيفېڭ تارتقان)




جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىنىڭ يىغىن مەيدانى.
(سۈرەتنى چېن جىنخۇي تارتقان)



مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بولۇمى ۋە دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى ھەم ئۇنىڭ 4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 ـ سانلىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىنىڭ ئۇتۇقلۇق ئۆتكۈزۈلگەنلىگىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن چاي بەردى.
(سۈرەتنى لى ۋېنسەي تارتقان)

# جوڭگو مۇسۇلمانلىرى

(پەسىللىك ژورنال)

2

1983 ـ يىل

(ئومۇمى 13 ـ سان)


## مۇندەرىجە


مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شى جۇڭشۈننىڭ جۇڭگو ئىسلام جەمىيتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سوزلىگەن سوزى ........................................( 2 )

جۇڭگو ئىسلام جەمىيتىنىڭ پەخرى مۇدىرى بۇرھان شەھىدىنىڭ جۇڭگو ئىسلام جەمىيتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سوزلىگەن سوزى..............( 6 )

جۇڭگو كومۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بولۇمىنىڭ باشلىقى ياڭ جىڭرېننىڭ جۇڭگو ئىسلام جەمىيتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سوزلىگەن سوزى........................................( 9 )

گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يولداش چياۋ لىيەنشېڭنىڭ جۇڭگو ئىسلام جەمىيتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سوزلىگەن سوزى..........( 11 )

جۇڭگو ئىسلام جەمىيتى 4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 ـ سانلىق دائىمى ھەيئەتلەر يىغىنىدا قىلىنغان خىزمەت دوكلادى (قىسقارتىلمىسى)............................شېن شياشى( 15 )

"سۈرە بەقەرە"نىڭ ئالدىنقى 5 ئايىتىنىڭ ئېغىزچە تەرجىمىسى ۋە قىسقىچە شەرھى..........ما سۇڭتىڭ( 19 )

"ئەسىر سۈرىسى"نى ئۈگىنىشتىن ئالغان تەسىراتىم..................................ليۇ گوجېڭ( 29 )

ئىسلام دىنى توي ـ توكۈن ئىشلىرىنى تېجەشلىك ئوتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.............ئەن شۇيي( 31 )

ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرزنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈش..................................ما جىشيەن( 35 )

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ تارىخىي توھپىسى.......................................بەي شۇيى( 40 )

ئىسلام ئەللىرىدىكى مەسچىتلەر ھەققىدە ئومۇمى بايان...............................سەي شېڭفا( 51 )

شىنجاڭدىكى ئاخۇن ـ موللىلارنىڭ ئىلغارلىق ئىش ئىزلىرىدىن.......................................( 59 )

دىنىي سىياسەت ئىگىشيادا يېڭىۋاشتىن نۇر چاچماقتا..................................مۇ يىلەن( 64 )

«شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» نەشرىدىن چىقىش ئالدىدا تۇرماقتا............................(مۇقاۋىنىڭ ئاخىرقى بېتى)



✻ 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى نەشرىدىن چىقتى ✻

www.uyghurkitap.com

# مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش شى جۇڭشۇننىڭ جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى

(1983 - يىل 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى)

دوستلار، يولداشلار:



بۈگۈن — جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتى قۇرۇلغانلىقىغا 30 يىل توشقان كۈن، بۇ خاسىيەتلىك كۈندە، مەن ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى دوستلارنى ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن ھەمدە ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتى 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 - سانلىق دائىمى ھەيئەتلەر (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىغا تولۇق مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.

جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى — مەملىكىتىمىزدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاتار، ئۆزبەك، تاجىك، دۇڭشياڭ، سالا، باۋئەن قاتارلىق 10 قېرىنداش مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىزىم بايرىقى ئاستىدىكى بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنىڭ بەلگىسى. 30 يىلدىن بېرى، جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتى پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، كەڭ ئىسلام دىنى زاتلىرى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن نۇرغۇنلىغان خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇ نەتىجىلەر ئاساسەن مۇنۇلاردىن ئىبارەت: ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ، مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى سىياسەتلىرى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، مىللەتلەر ۋە مەزھەپلەر ئارىسىدىكى تارىختىن قېپقالغان نىزالارغا خاتىمە بېرىلىپ، مىللەتلەر ئارىسىدىكى ۋە مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىتتىپاقلىق كۈچەيتىلدى؛ 1958 - يىلى دىنىي تۈزۈم ئۈستىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئارقىسىدا، ئىسلام دىنىدىكى فېئوداللىق ئىمتىياز ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش، ئېزىش تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى دېموكراتىك ئىنقىلاپ ۋەزىپىسى ئۈزۈل - كېسىل ئورۇنلاندى، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ سوتسىيالىستىك سىياسى، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى؛ كەڭ ئىسلام دىنى زاتلىرى ۋە مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقلاشتۇرۇلۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتناشتۇرۇلدى، بۇلاردىن بىرمۇنچە ئىلغار نەمۇنىچىلەر مەيدانغا كەلدى؛ دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولغان دوستانە بېرىش - كېلىش ئىشلىرى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە دوستلۇق ئىلگىرى سۈرۈلدى، ھەرقايسى ئەللەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەققانى كۈرىشىگە پائال مەدەت بېرىلدى.

جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتىنىڭ 30 يىلدىن بۇيان مېڭىپ ئۆتكەن يولىنى ئەسلىگەندە، بۇ يولنىڭ تامامەن توغرا بولغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. ھەر مىللەت ئىسلام دىنى زاتلىرى ۋە

مۇسۇلمانلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ۋەتەننى سۆيۈپ، قانۇنغا رىئايە قىلدى، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلدى، سوتسىيالىزم يولىغا ماڭدى. بىز ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى دوستلارنىڭ مۇشۇ توغرا يول بىلەن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىشىنى ئۈمىت قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تارىخىي تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، كەمچىلىكلەرنى تۈگىتىپ، ئىسلام دىنى خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم. تۆۋەندە ئۆزەمنىڭ بىرنەچچە پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن:

1. مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن بىرلىكتە تىرىشىش كېرەك. مەملىكىتىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك مەملىكەت، 10 قېرىنداش مىللەت ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. شۇڭا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاش ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىش. ھەرقايسى مىللەتلەر بىر بىرىگە ھۆرمەت قىلىشى، بىر بىرىگە ياردەم بېرىشى، بىرلىكتە ئالغا بېسىشى لازىم. پارتىيىنىڭ 12-قۇرۇلتىيىدا يېڭى تارىخىي دەۋردىكى باش ۋەزىپە، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە پەن-تېخنىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى پەيدىن-پەي ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەملىكىتىمىزنى يۈكسەك مەدەنىيەت، يۈكسەك دېموكراتىيىگە ئىگە سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ—پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ۋەزىپىسى. كەڭ ئىسلام دىنى زاتلىرى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بىر بىرى بىلەن بولغان ئالاقە ۋە ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بىرلىكتە يېڭى ۋە تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشۇشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

2. داۋاملىق تۈردە ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. بۇلتۇر 3-ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى دىنىي مەسىلىگە دائىر ئاساسىي قاراش ۋە ئاساسىي سىياسەت» دېگەن ھۆججەتتە: دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى ھۆرمەتلەش ۋە قوغداش—پارتىيىنىڭ دىنىي مەسىلىدىكى ئاساسىي سىياسىتى؛ بۇ—ئۇزاق مۇددەتلىك سىياسەت، تاكى دىن ئۆزلۈكىدىن يوقالغىچە ئىزچىل ئىجرا قىلىنىدىغان سىياسەت، دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن. 5-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5-يىغىنىدا ماقۇللانغان ۋە ئېلان قىلىنىپ، ئىجرا قىلىنىۋاتقان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» دۆلەتنىڭ تۈپ چوڭ قانۇنى، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشى كېرەك. ئاساسىي قانۇننىڭ 36-ماددىسىدا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى توغرىسىدا ئەتراپلىق ۋە ئېنىق بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان. پۇقرالاردا دىنغا ئېتىقاد قىلىش ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكى بولىدۇ؛ بۇ خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىش ياكى ئۇ خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى بولىدۇ. باشقىلارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا زورلاشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، باشقىلارنى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىققا زورلاشقىمۇ رۇخسەت قىلىنمايدۇ؛ باشقىلارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا زورلاشمۇ ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىققا زورلاشمۇ قانۇنغا خىلاپ. دۆلەت دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ بارلىق نورمال دىنىي پائالىيەتلىرىنى قوغدايدۇ. ئەلۋەتتە، دىنىي پائالىيەت-

www.uyghurkitap.com

لەرمۇ دولەتنىڭ سىياسەت، قانۇن-پەرمانلىرىغا ئۇيغۇن كېلىشى، مەمۇرىيەتكە، مائارىپقا ۋە نىكاھ ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىقى لازىم. ئىلگىرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. مەسىلەن، مەسچىتلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئېچىپ بېرىش، مەسچىتلەرنى دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىسىدا، مۇسۇلمانلار نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان بولدى؛ مەملىكەتلىك ۋە يەرلىك ئىسلام شۆيۈەنلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە ئاچتى، قۇرئان ۋە باشقا دىنىي كىتابلارنى باستۇردى؛ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژورنىلىنى ۋە رەسىملەر توپلىمىنى نەشر قىلىپ تارقاتتى؛ ئىسلام دىنىغا دائىر مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ۋە تارىخىي ماتېرىياللارنى يىغىپ رەتلىدى، ئىسلام دىنىغا دائىر ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. ھەج-تاۋاپ ئۆمىكى ئۇيۇشتۇردى؛ ئىسلام دىنىي زاتلىرىنى ۋە مۇسۇلمانلارنى پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىستىك ئېڭىنى ئۆستۈردى ۋە باشقا ئىشلارنى قىلدى. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ داۋاملىق تىرىشىپ، يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، 10 يىللىق مالىمانچىلىق داۋامىدا، پارتىيە ۋە دولەتنىڭ دىنىي سىياسىتى ئېغىر توسالغۇغا ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئىدى. "4 كىشىلىك گۇرۇھ" تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى دىنىي سىياسەتنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى تۇتۇپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. لېكىن يەنە بەزى مەسىلىلەر ساقلانماقتا. بۇنىڭدىن كېيىن، داۋاملىق تۈردە "سول"چىل ئىدىيىنى تۈگىتىپ، ئەمەلىي تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئىسلام جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك، قانداق پىكىر ۋە قىيىنچىلىقلار بولسا، ھۆكۈمەتكە قانداق ۋاقىتتا ئىنكاس قىلسا بولىۋېرىدۇ. ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار بۇ پىكىر ۋە قىيىنچىلىقلارنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، ھەل قىلىپ بېرىشى لازىم. ئەتە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 4-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3-سانلىق دائىمىي ھەيئەتلەر (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىلماقچى. بۇ قېتىمقى يىغىن ئارقىلىق، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنىڭ يېڭى پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

3. ئىسلام شۆيۈەنىنى داۋاملىق ياخشى باشقۇرۇپ، ياش دىنىي كەسپىي خادىملارنى پىلانلىق تۈردە يېتىشتۈرۈش ۋە تەربىيىلەش كېرەك؛ بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسلىرىنى ئوبدان يولغا قويۇپ، ھازىر بار ئاخۇن ۋە موللىلارنى تەربىيىلەپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىستىك ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە دىنىي بىلىمىنى ئۆستۈرۈش، پارتىيە ۋە دولەتنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش لازىم. بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى دوستلار تەكلىپ-پىكىرلىرىنى پائال ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇنسا بولىدۇ، ھۆكۈمەت بۇنى زور كۈچ بىلەن قوللىشى كېرەك.

4. خەلقارالىق دوستانە بېرىش-كېلىش ئىشلىرىنى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇپ، ھەرقايسى ئەللەر مۇسۇلمان خەلقلىرىنىڭ ھەققانىي كۈرىشىنى قەتئىي قوللاش كېرەك. ئىسلام دىنى خەلقارا خاراك-

تىرلىق دىن بولۇپ، ئاسىيا، ئافرىقىدىكى بىرقانچە ئون دۆلەتتە كەڭ ئىجتىمائىي تەسىرگە ئىگە. مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىسلام دىنى زاتلىرى بىلەن بولغان ئۆزئارا زىيارەت ۋە دوستانە بېرىش-كېلىشنى كۈچەيتىشى، دىنىي ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى قانات يايدۇرۇشى لازىم. بۇنداق قىلىش دۆلىتىمىزنىڭ 3-دۇنيا ئەللىرى بىلەن بولغان دوستانە ھەمكارلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇپ، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش جەھەتلىرىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. خەلقارا مۇناسىۋەتتە چوقۇم مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، دىنىي ئىشلارنى ئۆزى باشقۇرۇش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك، ھەرقانداق چەتئەل دىنىي تەشكىلاتىنىڭ ۋە شەخسنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى دىنلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قول سېلىشىغا مۇتلەق يول قويۇلمايدۇ؛ چەتئەلدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇش ھەرىكەتلىرىگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىش كېرەك. ھەر مىللەت ئىسلام دىنى زاتلىرى ۋە مۇسۇلمانلىرى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە، ئەرەپ ۋە پەلەستىن خەلقىنىڭ ئىسرائىلىيەنىڭ كېڭەيمىچىلىكى ۋە تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇش، مىللىي ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدىكى ھەققانىي كۈرىشىنى قەتئىي قوللىشى، ئافغانىستان ۋە ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمان خەلقلىرىنىڭ زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش، مىللىي مۇستەقىللىقىنى، دۆلىتىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش يولىدىكى ھەققانىي كۈرەشلىرىنى قەتئىي قوللىشى لازىم.

دوستلار، يولداشلار:

ھازىر مەملىكىتىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ناھايىتى ياخشى. پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ. يېقىندا 5-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 27-سانلىق يىغىنى 6-ئاينىڭ 6-كۈنى 6-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنىنى ئېچىشنى قارار قىلدى. سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ ھەيئەت رىياسىتى 6-ئاينىڭ 3-كۈنى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 6-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ 1-يىغىنىنى چاقىرىشنى قارار قىلدى. ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى نۇرغۇن دوستلار 6-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلاندى ياكى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 6-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا كۆرسىتىلدى. بۇ خەلقنىڭ سىلەرگە بولغان ئىشەنچى. سىلەرنىڭ خەلقنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى يەردە قويماي، خەلق سىلەرگە تاپشۇرغان مۇقەددەس ۋەزىپىنى سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلىپ، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى ئۈستىدىكى مۇھاكىمىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، بۇ ئىككى يىغىننى ياخشى ئېچىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. يېڭى تارىخىي دەۋردە، بىز چوقۇم پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە دىنىي سىياسىتىنى قەتئىي تۈردە ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، كەڭ ئىسلام دىنى زاتلىرى ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، دىنىي ساھەدىكىلەر بىلەن بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپىنى مۇستەھكەملەپ ۋە كېڭەيتىپ، زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىستىك قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلىشىمىز لازىم!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتىنىڭ پەخرى مۇدىرى بۇرھان شەھىدىنىڭ جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سوزلىگەن سوزى

(1983 - يىل 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى)



رەھبەرلەر، يولداشلار، دوستلار ۋە قېرىنداشلار:

ئالدى بىلەن، مەن جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن.

يېڭى جۇڭگونىڭ دۇنياغا كېلىشى بىلەن، مەملىكىتىمىزنىڭ يېرىم فېئوداللىق ۋە يېرىم مۇستەملىكە ھالىتىدە تۇرۇشتەك ئاھانەتلىك ئورنىغا مەڭگۈ خاتىمە بېرىلدى، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، خەلقىمىز مۇستەقىل - ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولىدىغان يېڭى تۇرمۇشنىڭ داغدام يولىغا قەدەم قويدى، بۇ مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىدۇر.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، مەملىكىتىمىزدىكى مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ مەملىكەت خاراكتېرلىق بىرلىككە كەلگەن ئىسلام دىنى تەشكىلاتىنىڭ بولۇشىغا تەقەززا بولغان ئىدى، ماۋجۇشى ۋە جۇزۇڭلىنىڭ سەممى غەمخورلۇقىدا، مەن بۈگۈن بۇ يەردە ئولتۇرغان سەيپىدىن ئەزىزى، ياڭ جىڭرېن ۋە مايۇيخۇەي يولداشلار شۇنىڭدەك دا فۇشېڭ، پاڭ شىچيەن قاتارلىق ئاخۇنلار بىلەن كۆپ قېتىم مۇزاكىرە قىلىپ، بىر يىلدەك تەييارلىق قىلىپ، 1953 - يىل 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتىنى رەسمىي قۇردۇق. بىرىنچى نۆۋەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدا مەن جەمىيەتنىڭ ئاساسىي رەھبىرى بولۇپ سايلاندىم. مەن بۇ جەھەتتە ئۆزەمنىڭ بىر كىشىلىك مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغانلىقىم ۋە بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلىگەنلىكىم ئۈچۈن خۇرسەنمەن.

جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ نىزامنامىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە بىنائەن، ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇش، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش ۋە دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى. ئۇ مەملىكەت ئىچـ

دىكى ھەر مىللەت ئىسلام دىنى زاتلىرى ۋە كەڭ مۇسۇلمانلارنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇشتىمۇ، مۇناسىۋەتلىك رايونلاردا دېموكراتىك ئىسلاھات، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش، ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ مۇئەييەن روللارنى ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ھەر يىلى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەج قىلىش ئومىگىنى ئۇيۇشتۇرۇپ مۇقەددەس مەككىگە ھەج-تاۋاپ قىلىشقا ئەۋەتتى، يەنە ئاسىيا ۋە ئافرىقا ئەللىرى مۇسۇلمانلىرى بىلەن ئۆزئارا دوستانە بېرىش-كېلىش قىلدى، ئۇلارنىڭ ھەقىقانى ئىشلىرىنى قوللىدى ھەمدە دۇنيا تېچلىقىنى قوغداشقا تىرىشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كەڭ مۇسۇلمانلار ۋە دىنىي زاتلارنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشتى، شۇنداقلا ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.

مىللىي باراۋەرلىك ۋە دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىگى سىياسەتلىرى پارتىيىمىزنىڭ ئاساسىي سىياسىتى ھېساپلىنىدۇ، بۇ سىياسەتنىڭ بىردىن-بىر توغرا سىياسەت ئىكەنلىگى نەزىرىيە ۋە ئەمىلىيەت جەھەتلەردىن ئىسپاتلاندى. بىراق 10 يىللىق مالىمانچىلىق داۋامىدا بۇ سىياسەتلەر ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقا سىياسەتلەرمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، بۇ ھال ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا زىيان يەتكۈزۈپلا قالماستىن، دۆلىتىمىزنىڭ دەرمان-مادارىغا زىيان يەتكۈزدى ھەم دەرمان-مادارىنى ئاجىزلاشتۇردى.

بىز جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ۋە ئۇلارنىڭ شىرىكلىرىنى يوقىتىپ، قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاپ، دۆلىتىمىزنى يېڭى بىر ئۇلۇغ تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدۇق. نۆۋەتتە، سوتسىيالىستىك ماددى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئومۇمى يۈزلۈك يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلماقتا، پۈتۈن مەملىكەت مۇسۇلمانلىرى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ئوخشاشلا، بۈگۈنكى كۈن ۋە كەلگۈسى ئۈچۈن خۇرسەن بولماقتا ۋە ئۈنىڭغا تولۇق ئىشەنچ باغلىماقتا.

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى، جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتى ھوكۇمەتكە ياردەملىشىپ دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىگى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمىلىيلەشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، نەتىجە ياراتتى، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى بۇنىڭدىن رازى. ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ھۆرمەت قىلىندى، نورمال دىنىي تۇرمۇشى قوغدالدى، شۇڭا، ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئازادە بولدى، سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ پۇقراسى بولۇش شەرەپ دەيدىغان تۇيغۇسى ۋە خوجايىنلىق مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچەيدى. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: "ۋەتەن سۆيۈش ئىمان جۇملىسىدىندۇر". مەملىكىتىمىزدىكى مۇسۇلمانلار ئۆز ۋەتىنىنى تېخىمۇ قىزغىن سۆيمەكتە، پارتىيە ۋە ھوكۇمەتكە تەشەككۈر ئېيتماقتا. مەن جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتىنىڭ پەخرى مۇدىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى بىلەن بىر ھېسسىياتتا بولماقتىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۈگۈن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەۋاتقان چاغدا، مەن جەمئىيىتىمىزنىڭ ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىشى، ئۇلارنىڭ دىنىي جەھەتتىكى ئارزۇ ـ تەلەپلىرىگە ۋەكىللىك قىلىشى ھەمدە ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ تېخىمۇ كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىشىنى؛ ئۈزلۈكسىز تۈردە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دىنىي مەزھەپلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن يەنە پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇسۇلمان قېرىنداش-لارنىڭ ۋەتەننىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىگە يېتىشىپ، قانۇن ـ تۈزۈم ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا بولغان ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئومۇمىي يۈزلۈك يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بىز بۈگۈنكى بۇ تەنتەنىلىك تەبرىكلەش يىغىنىدا تەيۋەندىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنى بەك سېغىنماقتىمىز، بىز تەيۋەننى بالدۇرراق ۋەتەننىڭ قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى ئورۇنلاش يولىدا ئۇلار بىلەن بىرلىكتە تىرىشىشنى خالايمىز.

مەن يەنە جەمئىيىتىمىزنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى ئىسلام دىنىغا دائىر تارىخ ۋە مەدەنىي يادىكار-لىقلارنى توپلاش، رەتلەش ۋە ساقلاشقا ئوبدان ئەھمىيەت بېرىشىنى، دۇنيا ئىسلام دىنى تارىخى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشىنى، ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولغان دوستانە ئالاقە ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى داۋاملىق تۈردە راۋاجلاندۇرۇشنى، ئەرەب، پەلەستىن، ئافغانىستان ۋە باشقا ئەللەر خەلقلىرى ھەم مۇسۇلمانلىرىنىڭ مىللىي مۇستە-قىللىق ـ ئازاتلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى ھەققانىي ئىشنى زور كۈچ بىلەن قوللىشىنى، زومىگەرلىككە، جاھانگىرلىككە ۋە مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇشى ۋە دۇنيا تېچلىقىنى قوغ-دىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەركەزدىكى بەزى رەھبىرىي يولداشلار ئالدىراش بولسىمۇ، ۋاقىت چىقىرىپ تەبرىكلەش يىغىنىمىزغا قاتناشتى، مەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى نامىدىن ئۇلارغا ۋە بۇ يەردە ئولتۇرغان دوستلار، يولداشلار ۋە قېرىنداشلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

# ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بولۇمىنىڭ باشلىغى يولداش ياڭ جىڭرېننىڭ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى

(1983 - يىل 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى)



ھەيئەتلەر، يولداشلار:

بۈگۈن، بىز بۇ يەردە خۇشال - خورام جەم بولۇپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەنتەنە بىلەن تەبرىكلەۋاتىمىز. مەن ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بولۇمىنىڭ نامىدىن ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەتلىرى ۋە بارلىق خىزمەتچىلىرىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن ھەمدە سىلەر ئارقىلىق ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا سەممىي سالام يوللايمەن!

ئەتە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 - سانلىق دائىمىي ھەيئەتلەر (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىلىدۇ، مەن يىغىنغا تولۇق مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن!

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلغان 30 يىلدىن بۇيان، ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ۋە باشقا تۈرلۈك سىياسەتلەرنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۇرۇش، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى نورمال دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۇيۇشتۇرۇش، ئىسلام دىنى زاتلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە تەربىيىلەش، ئىسلام دىنىنى تەتقىق قىلىش، ياش دىنىي كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش ۋە چەتئەل مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولغان دوستانە بېرىش - كېلىشنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، جۇڭگو ۋە چەتئەل مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئالقىشى، خىزمىتىگە ئېرىشتى، خىزمەتلىرى ناھايىتى ئۇتۇقلۇق بولدى!

ھەيئەتلەر، يولداشلار:

نۆۋەتتە خىزمەتلىرىمىزنىڭ ۋەزىيىتى ناھايىتى ياخشى بولماقتا. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بىز يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاپ بولدۇق. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 30 نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتلەردىكى تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىگەن ئاساستا، ئۆتكەن يىلنىڭ بېشىدا يەنە «دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى دىنىي مەسىلىگە دائىر ئاساسىي قاراش ۋە ئاساسىي سىياسەت» دېگەن ھۆججەتنى تۈزۈپ چىقتى. پروگراممىلىق خاراكتېرلىق بۇ ھۆججەت پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى دىنىي مەسىلىگە دائىر بەزى خاتا ئىدىيىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، سىياسەت چەك - چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىپ بەردى. ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكۈزۈل-

www.uyghurkitap.com

خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، خوشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. پارتىيىنىڭ 3-نۆۋەتلىك يىغىنىدىن كېيىن، قالايمىقانچىلىق ئومۇمىي يۈزلۈك ئوڭشالدى، تۈرلۈك سىياسەتلەر پەيدىن-پەي ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىدىمۇ يېڭى تەرەققىياتلار بولدى. مەملىكەت بويىچە ھەرقايسى جايلاردا مەسچىتلەرنى ۋە ئاددىي دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى ئېچىۋېتىش قاتارلىق خىزمەتلەردە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىغا ئاكتىپ ماسلىشىپ، بىرمۇنچە ئوبدان پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بەردى، بۇنىڭ بىلەن دىنىي پائالىيەتلەر كۈندىن-كۈنگە نورماللىشىپ كېتىۋاتىدۇ. دىنىي تۇرمۇش ۋە دىنغا دائىر ئىلىم تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئەرەپچە قۇرئان، ھەدىس ۋە دىنىي ئەقىدە-ئەھكاملارغا دائىر تەرجىمە ئەسەرلىرىنى باستى، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژورنىلىنى يېڭىۋاشتىن نەشر قىلدى، ياش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش ھەم تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلغان جۇڭگو ئىسلام شۆبىيۇەنى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى يەنە بەزى جايلارنىڭ ئىسلام شۆبىيۇەنى قۇرۇشىنى پائال قوللىدى. بۇ ئىشلار ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ۋە كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئوبدان باھاسىغا ئېرىشتى. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى يەنە جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ۋە ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ دىنىي مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپلارنى تۈگىتىپ، مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى يەنە مۇسۇلمانلارنى مەككىگە بېرىپ ھەج-تاۋاپ قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇش ئىشىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، ئاسىيا ۋە ئافرىقا ئەللىرىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان دوستانە بېرىش-كېلىش ئىشلىرىنىمۇ كۈندىن-كۈنگە راۋاجلاندۇردى، بۇ ھال ھەم ئۆزئارا چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇردى، ھەم ئۆزئارا دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش ۋە دۇنيا تېچلىقىنى قوغداش ئىشلىرىغا پايدا يەتكۈزدى. يۇقىرىدا ئېيتىلغان جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئىشلىگەن خىزمەتلەر ئۆزىنىڭ ئاساسىي مەقسىدى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىزچىل ئىجرا قىلغانلىقىنىڭ كونكرېت ئىپادىسىدۇر.

ھەيئەتلەر، دوستلار ۋە يولداشلار:

مەملىكىتىمىز كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك مەملىكەت بولۇپ، خېلى بىر قىسىم خەلق ئاممىسى ھەر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىدۇ. كوپچىلىككە مەلۇمكى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىز كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا قارىتا ئەزەلدىن دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى قوللىنىپ كەلدى. بۇ سىياسەت ئۇزاق مۇددەتلىك ئاساسىي سىياسەت، 5-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5-يىغىنىدا ماقۇللانغان ئاساسىي قانۇننىڭ مۇناسىۋەتلىك ماددىلىرىدا بۇ ھەقتە مۇكەممەل ۋە ئېنىق بەلگىلىمىلەر چىقىرىلدى. ھەرقانداق دۆلەت ئورگىنى، جامائەت تەشكىلاتى ۋە شەخس پۇقرالارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا ياكى ئېتىقاد قىلماسلىققا زورلىماسلىقى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالارنىمۇ،

دىنغا ئېتىقات قىلمايدىغان پۇقرالارنىمۇ كەمسىتمەسلىكى لازىم. كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ھۆرمەت قىلىنىدۇ، نورمال دىنىي پائالىيەتلەر ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاساسىي قانۇندا: ھەرقانداق كىشى دىندىن پايدىلىنىپ جەمىيەت تەرتىپىنى بۇزىدىغان، پۇقرالارنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان، دۆلەتنىڭ مائارىپ تۈزۈمىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھەركەتلەرنى ئېلىپ بارماسلىقى لازىم؛ دىنىي تەشكىلاتلار ۋە دىنىي ئىشلار چەتئەل كۈچلىرىگە بېقىنمايدۇ، دەپمۇ بەلگىلەندى. ھەرقايسى دىنىي تەشكىلاتلار مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ۋە دىنىي ئىشلارنى ئۆزى باشقۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشى لازىم. ھازىر، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىن قارىغاندا، دىن جەھەتتىكى ئەھۋال ئاساسىي جەھەتتىن ياخشى، سىياسەتلەرنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشى داۋاملىق تۈردە ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن دىنىي ساھەدىكى دوستلار ۋە دىنغا ئېتىقات قىلىدىغان كەڭ ئاممۇ ئاساسىي جەھەتتىن رازى. ئەلۋەتتە، شۇنىمۇ يوشۇرماسلىق كېرەككى، خىزمىتىمىزدە ۋە بەزى جايلاردا "سول"چىل ئىدىيىنىڭ تەسىرلىرى تېخى تولۇق تۈگىتىلگىنى يوق، بەزى جايلاردا ساقلىنىۋاتقان ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىش ئەھۋاللىرىنىمۇ تۈگىتىشكە توغرا كېلىدۇ، ھەرقايسى دىنلاردىمۇ بەزى مەسىلىلەر ساقلانماقتا، ئۇلارنى سىياسەتنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، داۋاملىق تۈردە تەتقىق قىلىشقا ۋە ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۈگۈن، مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىسلام دىنى خىزمىتى ئۈستىدە بۇ يەردە ئولتۇرغان ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى دوستلار ۋە ئىسلام جەمئىيىتى 4-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3-سانلىق دائىمى ھەيئەتلەر يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ھەيئەتلەر ئالدىغا بىرنەچچە تەكلىپ ۋە ئۈمىدىمنى قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

بىرىنچى، ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش خىزمىتىنى داۋاملىق تۈردە ياخشى ئىشلەش. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىسلام دىنى زاتلىرى ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا قارىتىلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىستىك تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ئاڭلىق تۈردە ئىنتىزام ۋە قانۇنغا رىئايە قىلىشىغا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىشىغا ياردەملىشىپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئىشقا سېلىپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ۋەتىنىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشۇشى ئۈچۈن تىرىشىدىغان قىلىش لازىم.

ئىككىنچى، ياش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي كەسپىي خادىملارنى پائال يېتىشتۈرۈش ۋە تەربىيىلەش. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، سىياسىي جەھەتتە ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىدىغان ھەمدە خېلى يۇقىرى دىنىي بىلىمگە ئىگە ياش دىنىي كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش لازىم. بۇ—ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تىرىشىپ جۇڭگو ئىسلام شۇيۈەنىنى ئوبدان باشقۇرۇشنى ھەمدە جايلاردا قۇرۇلغان ۋە قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىنىۋاتقان ئىسلام شۇيۈەنلىرىنىڭ بالدۇرراق دەرس باشلىشىغا پائال ياردەملىشىشنى

www.uyghurkitap.com

ئۈمىت قىلىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياشانغان دىنىي كەسپىي خادىملارنى قولغا كەلتۈرۈش، تەربىيىلەش ۋە ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا ئەھمىيەت بېرىش، شەرت-شارائىتى يار بەرگەن جايلارنىڭ ئاخۇنلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، ئاخۇن-موللىلارنى تەربىيىلىشكە ماسلىشىپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىستىك ئېڭىنى ۋە دىنىي بىلىم سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قىلدۇرۇش لازىم.

ئۈچىنچى، ئىسلام دىنىغا دائىر ئىلمىي تەتقىقاتنى ئوبدان يولغا قويۇش، خەلقارا دىنىي ئىلمىي ئالماشتۇرۇشنى داۋاملىق تۈردە ئېلىپ بېرىش. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بۇ جەھەتتە ئىلگىرى كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھازىرقى شەرت-شارائىتىغا قاراپ، ھەققىي ئاقىدىغان پىلان تۈزۈپ، پېشقەدەم دىنىي ئۆلىمالارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشىنى ئۈمىت قىلىمەن، شۇنداق قىلىدىغانلا بولسا، چوقۇم نەتىجە قازىنالايدۇ.

تۆتىنچى، ئىسلام دىنى جەھەتتىكى خەلقارالىق دوستانە بېرىش-كېلىش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش. ھازىر، پۈتۈن دۇنيا بويىچە جەمئىي 700 مىليونچە مۇسۇلمان بار، ئىسلام دىنى كەڭ تارقالغان مەملىكەت ۋە رايون 40 نەچچىگە يېتىدۇ. شۇڭا بۇ جەھەتتىكى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى كۆپ سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. خىزمەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇشۇ خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسپىي ئىختىساسلىق خادىملارنى تاللىشى ۋە يېتىشتۈرۈشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

بەشىنچى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۆتكەنكى خىزمەتلەرنى يەكۈنلىگەن ئاساستا، مۇۋاپىق ئادەم ئۇيۇشتۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، نۆۋەتتە ئىسلام دىنى جەھەتتە ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىغا خىزمەتنى ياخشىلاش ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش توغرىسىدا كونكرېت پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بېرىپ، ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇشى لازىم.

ھەيئەتلەر، دوستلار، يولداشلار:

"80-يىللار پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا مۇھىم يىللار ھېساپلىنىدۇ". پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، خىزمەتلەرنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، دۆلىتىمىزنىڭ 80-يىللاردىكى 3 چوڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش يولىدا بىرلىكتە تىرىشىپ كۆرەش قىلايلى.

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 ـ سانلىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا قىلىنغان خىزمەت دوكلاتى (قىسقارتىلمىسى)

شېن شياشى

داھىيتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىۋان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

دائىمىي ھەيئەتلەر، يولداشلار!

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!



ئۆتكەن يىل 8 ـ ئايدا چاقىرىلغان جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 ـ سانلىق يىغىنىدىن كېيىنكى بىر نەچچە ئايدىن بۇيان، جەمئىيىتىمىز ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ سىياسەتنى ئىزچىللاشتۇرۇش جەھەتتە بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، بىر ھال ـ ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن نەچچە ئون ئادەمنى كۈتۈۋالدۇق، جايلاردىن كەلگەن 200 نەچچە پارچە خەتنى بىر ياقلىق قىلدۇق، جايلاردىكى مۇسۇلمانلار قويغان مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە جاۋاپ قايتۇردۇق، بەزى مەسىلىلەرنى يۇقۇرى دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ ياردەملىشىپ ھەل قىلىپ بېرىشىگە سۇندۇق. جەمئىيىتىمىزنىڭ بىرقانچە مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، شاڭخەي، خاڭجۇ، نەنجىڭ، فۇجيەن، خېبېي قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ئەھۋال ئۇقۇپ، يەرلىك ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشىپ بەردى. جەمئىيىتىمىزنىڭ جايلاردىكى مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، دائىمىي ھەيئەتلىرى ۋە ھەيئەتلىرى جايلاردىكى خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە ھەمكارلىشىپ دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ، دىنىي مەزھەپلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاش ۋە 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش جەھەتلەردە بىرمۇنچە خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ئۆز ھەسسىلىرىنى قوشتى.

ياش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش ئىشىغا كۆپچىلىك ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. جۇڭگو ئىسلام شۇيۈەنى 1982 ـ يىل 11 ـ ئايدا رەسمىي ئوقۇش باشلىدى. مۇشۇ قارارلىق ئالى سىنىپقا 42 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، بۇلار 21 ئۆلكە (شەھەر)، ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن بولۇپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە. ساۋاقداشلار دەرسلەرنى بىرقەدەر ئوبدان ئۆگەنگەندىن سىرت، دىنىي پەرزلەرنىمۇ ئادا قىلدى. ئوقۇش باشلانغاندىن بۇيان، جەمئىيەتنىكى ئالاقىدار ساھەدىكىلەر بۇنىڭغا ئەھمىيەت بەردى ۋە غەمخورلۇق قىلدى، زىيارەتكە كەلگەن ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرىمۇ ئىسلام شۇيۈەنىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى ماختاشتى.

دىنىي زاتلار ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دىنى كىتاپلىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، 4 ـ نوۋەتلىك كومىتېتنىڭ 2 ـ سانلىق يىغىنىدىن بۇيان، بىز «ئەللۇئلۇ ئۇۋەلمەرجان»، «خۇتبە»، ئەرەبچە ـ خەنزۇچە سېلىشتۇرما قىلىنغان «ئىسلام بىلىملىرى»، «تەپسىر ئەلجالالەين» قاتارلىق مەسچىت ۋە ئىسلام شۇئېبۇەنلىرىگە جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان بىر تۈركۈم دىنىي كىتاپلارنى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ چىقاردۇق.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»نىڭ خەنزۇچە نەشرى پەسىل بويىچە نورمال چىقىرىلىدى، مەزكۇر ژورنالنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ 1 ـ سانى زاۋۇتقا بېرىلدى، بۇ يىل ئىككى سان چىقارماقچى.

جەمىيىتىمىز 1982 ـ يىلى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەج ـ تاۋاپ قىلىش ئۆمىكىنى ئۇيۇشتۇردى، بۇ جەمىيىتىمىزنىڭ 1979 ـ يىلى ھەج ـ تاۋاپ قىلىش ئىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىنكى 4 ـ قېتىملىق ھەج ـ تاۋاپقا ئۇيۇشتۇرۇشىدۇر. 8 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن، 5 مىللەتتىن تەركىپ تاپقان 22 ئادەم مەككىگە بېرىپ، پەرزلەرنى ئەستايىدىل ئادا قىلدى ھەمدە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋرىسىنى تاۋاپ قىلدى.

ھەج ـ تاۋاپ مەزگىلىدە، ئۆمىكىمىز ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە پەلەستىن ئازاتلىق تەشكىلاتى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئەرەپات بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلار بىلەن دوستانە سۆھبەتتە بولدى. ۋەتەنگە قايتىش سەپىرىدە، بىر قىسىم ھاجىلاردىن تەركىپ تاپقان جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ۋەكىللىرى ئۆمىكى پاكىستان، بېنگالدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتتە دوستانە زىيارەتتە بولدى ھەمدە پاكىستاننىڭ زۇڭتۇڭى زىيا ئۇل ھەق، بېنگالنىڭ زۇڭتۇڭى چاۋرۇدى، مىنىستىرلار كېڭىشىنىڭ رەئىسى ئالسارلارنىڭ سەممىي قوبۇل قىلىشىغا، شۇنىڭدەك ئىككى دۆلەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

بىز يەنە 20 ئادەم قېتىمدىن تەركىپ تاپقان 5 ئۆمەك ئۇيۇشتۇرۇپ، لىۋىيە، مىسىر، نىگېر، ئىران قاتارلىق دۆلەتلەرگە دوستانە زىيارەتكە ياكى خەلقارا يىغىنلارغا ئەۋەتتۇق. بۇ ئۆمەكلىرىمىز ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئىراننىڭ دىنىي داھىسى ھومىنى، لىۋىيە رەھبىرى كازافىلارنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. بۇ يىل 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، جەمىيىتىمىز يەنە پاكىستان خەلقارا ئىسلام كىتاپ ـ ماقالىلار كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىپ، پاكىستاندىكى ھۆكۈمەت تەرەپ ۋە غەيرى ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ، كىتاپ ـ ماقالىلار كۆرگەزمىسىگە قاتناشقان باشقا ئەللىك دوستلارنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك ئەھمىيەت بېرىشىگە ۋە ئوبدان باھاسىغا ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەمىيىتىمىز يەنە ئەرەپ بىرلەشمە خەلىپىلىكى، ئالجىرىيەلەردىن دۆلىتىمىزگە دوستانە زىيارەتكە كەلگەن 4 ئادەمنى كۈتۈۋالدى ھەمدە تاشقى ئىشلار تارماقلىرىغا ياردەملىشىپ، زىيارەت ئۈچۈن كەلگەن مۇناسىۋەتلىك ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنى كۈتۈۋالدى. ئافغانىستاننىڭ يېڭى يىلى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكىنىڭ 3 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن جەمىيىتىمىزنىڭ رەھبىرى خەلقارا رادىيو ئىستانسىسىدا نۇتۇق ئېلان قىلىپ، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئافغانىستانلىق قېرىنداشلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

دائىمىي ھەيئەتلەر، يۇقۇرقىلار جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتىنىڭ 4 ـ نوۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 ـ سانلىق يىغىنىدىن بۇيان ئىشلىگەن ئاساسىي خىزمەتلىرى. بىزگە مەلۇمكى، جۇڭگو ئىسلام جەمى-

يېتىنىڭ خىزمىتىدە نۇرغۇن كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەر بار، دائىمى ھەيئەتلەرنىڭ ۋە يولداش-لارنىڭ تەنقىت ۋە تەكلىپلەرنى بېرىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

ئەمدى مەن بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر يىللىق خىزمەتلەر ئۈستىدە توۋەندىكى پىكىرلەرنى بېرىمەن:

1. ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىگى سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىز-چىللاشتۇرۇش جەھەتتە تىرىشىپ يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىش. ئىسلام دىنى زاتلىرى ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى 12 - قۇرۇلتاينىڭ ھۆججەتلىرىنى، يېڭى ئاساسىي قانۇننى، شۇنىڭدەك مىللىي، دىنىي سىياسەتلەرنى داۋاملىق تۈردە چوڭقۇر ئۆگىنىپ، 3 - ئومۇمى يىغىندىن بۇيان بارلىققا كەلگەن چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى ۋە دىنىي سىياسەت ئەمەلىيلەشتۇرۇلگەندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن يېڭى كەيپىياتنى ئۇچۇق تونۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمىيەتلىرى، ئىسلام گۇرۇپپىلىرى ۋە مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئەتلىرى تۈرلۈك ئۆگىنىش تەشكىلاتلىرىنى داۋاملىق ئوبدان باشقۇرۇپ، ئىسلام دىنى زاتلىرىنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيا-لىستىك ئېڭىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ۋەتەننى سۆيۈش، قانۇنغا رىئايە قىلىش ئىدىيىسىنى چىڭىتىشى كېرەك.

ئىسلام جەمىيىتىنىڭ جايلاردىكى دائىمى ھەيئەتلىرى، ھەيئەتلىرى، ۋەكىللىرى ۋە باشقا مەسئۇللىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، جايلاردىكى ئىسلام جەمىيەتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە تەلەپلىرىنى ئۇقۇپ تۇرۇش كېرەك، كېيىنكى يېرىم يىلدا جەمىيىتىمىز ئۆز كادىرلىرىنى تەشكىللەپ جايلاردىكى دىنىي ئىشلار تارماقلىرى ۋە ئىسلام جەمىيەتلىرىگە ماسلىشىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىلەرنى ئۇقۇش - ئىنكاس قىلىش، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش توغرىسىدا ئەقىلگە مۇۋاپىق تەكلىپلەرنى بېرىش ئۈچۈن ئالاقىدار رايونلارغا ئەۋەتمەكچى.

ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ مىللەتلەرنىڭ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى دىنىي مەزھەپلەر-نىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاش نۆۋەتتىكى ئىسلام دىنى خىزمىتىنىڭ مۇھىم بىر ۋەزىپىسى. بۇ ئىشنى ئوبدان ئىشلەش دائىمى ھەيئەتلەرنىڭ، ھەيئەتلەرنىڭ، شۇنىڭدەك ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمىيەتلىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتى. دىنىي مەزھەپلەر ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشى، ھەركىم ئۆز ئىشىنى قىلىشى كېرەك. ئىسلام دىنىنىڭ ئەسل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇش، دىنىي ئىشلارنى ۋە دىنىي پائالىيەتلەرنى ئىقتىساتچىللىق بىلەن بېجىرىش، يېڭى نىكا قانۇننى ۋە پىلانلىق تۇغۇتنى ھىمايە قىلىش ھەم تەشۋىق قىلىش، كوچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىپ، مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈش، ئۆلۈم - يېتىم، توي - تۆكۈن ئىشلىرىنى تېجەشلىك ئۆتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. بىز شەرت - شارائىتى بار مەسچىتلەرنىڭ ھۆكۈمەتتىن ياردەم سوراپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلۈم چىقىرىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئورۇنلىرىنى ۋە جامائەت زاراتكارلىقىنى ئوبدان باشقۇرۇشنى تەكلىپ قىلىمىز. دىنىي ئىشلارنى يەنىمۇ ئوبدان باشقۇرۇش ئۈچۈن، جايلاردىكى مەسچىتلەرنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئەتلىرىنىڭ تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، كۈچىنى تولۇقلاپ، "ئەھدىنامە" تۈزۈپ، خىزمەتلەرنى ياخشىلاپ، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى تەكلىپ قىلىمىز.

2. جۇڭگو ئىسلام شۆبىۋىنىنى ئاكتىپ تۈردە ئوبدان باشقۇرۇپ، لاياقەتلىك دىنىي ئىختىساس-

لىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشىش. ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق خەنزۇچىنى ئۇقمايدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ياش دىنىي كەسىپىي خادىملارنى قانداق يېتىشتۈرۈش مەسىلىسى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ جىددىي ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان مەسىلە، بۇ قېتىملىق يىغىندا تولۇق پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئاقىدىغان لايىھە قويىماقچى.

بىز جايلارنىڭ يەرلىك ئىسلام شۆبىيۇەنلىرىنى ۋە ئاخۇنلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسلىرىنى ئوبدان باشقۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمىز، جەمىيىتىمىز دەرسلىك ۋە دىنىي كىتابلار جەھەتتە ئاز-تولا ياردەم بەرمەكچى. بىز يەنە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئارقىلىق جايلارنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش، مەسچىتلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش جەھەتتىكى ياخشى تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرماقچى.

3. «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنى 3-پەسلىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ چىقىرىش خىزمىتىنى ئاكتىپ تۈردە ياخشى ئىشلەش. ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ ئوقۇشلۇق چىقىرىلىشى، تارقىتىش ھالقىلىرىنىڭ ئازايتىلىشى ئۈچۈن، بۇ ژورنالنى بۇرۇنراق شىنجاڭنىڭ چىقىرىپ تارقىتىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەكلىپ قىلىمىز.

4. ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە-ئەھكاملىرى، ئىسلام تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، تىرىشىپ بۇ يىل ئىچىدە ئەرەبچە «شەرھى ۋىقايە» شۇنىڭدەك خەنزۇچە «مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» ۋە 1984-يىللىق «3 خىل كاللىدارنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى»نى بېسىش خىزمىتىنى تاماملاش، «دۇنيا ئىسلام دىنى تارىخىدىن لىكسىيىلەر (دەسلەپكى نۇسخا)»نى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، ئەرەبچە سېلىشتۇرما قىلىنغان «ئىسلام دىنىغا دائىر ساۋات»نى زاۋۇتقا بېسىشقا بېرىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش. بىز "بېيجىڭ ئىسلام كىتابلىرىنى سېتىش ئورنى"نىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئىسلام كىتابلىرىنىڭ تارقىتىلىشىغا ئاسانلىق تۇغدۇرىمىز.

5. بۇ يىل يەنە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەج-تاۋاپ قىلىش ئۆمىكىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ھەج-تاۋاپ قىلىشقا ئەۋەتىمىز.

6. بۇ يىللىق جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتىنىڭ ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولىدىغان دوستانە بېرىش-كېلىش پائالىيىتى خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش. بۇ يىل جەمىيىتىمىز تەكلىپكە بىنائەن بىرقانچە ئىسلام دۆلەتلىرىگە دوستانە زىيارەت ئۈچۈن ئۆمەك ئەۋەتمەكچى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگوغا زىيارەت ئۈچۈن كېلىدىغان دۇنيا ئىسلام يىغىنىنىڭ باش كاتىۋى باشچىلىقىدىكى ئۆمەكنى ۋە باشقا بىرقانچە دۆلەتنىڭ ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى ئۆمەكلىرىنى كۈتۈۋالماقچى.

دائىمىي ھەيئەتلەر، يولداشلار: نۆۋەتتە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ھەر مىللەت خەلقى ۋە ھەرقايسى سەپلەردىكىلەر جۇڭخۇا ئېلىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئاكتىپ ئىشلىمەكتە، تىرىشىپ كۆرەش قىلماقتا. بىز ئىسلام دىنى زاتلىرى ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىمۇ چوقۇم پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ۋەتەننى، دىنىنى سۆيۈپ، تېخىمۇ زور ئاكتىپلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، دەۋرنىڭ ئالغا بېسىۋاتقان قەدىمىگە يېتىشىپ، مەملىكىتىمىزدە سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن تېگىشلىك توھپە قوشۇشىمىز لازىم.

# "سۈرە بەقەرە"نىڭ ئالدىنقى 5 ئايىتىنىڭ ئېغىزچە تەرجىمىسى ۋە قىسقىچە شەرھى

ماسۇكتىڭ

ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژورنىلىنىڭ 1-سانىغا مېنىڭ «"سۈرە فاتىھە"نىڭ ئېغىزچە تەرجىمىسى ۋە قىسقىچە شەرھى» دېگەن ماقالام بېسىلغاندىن كېيىن، بەزى مۇسۇلمانلار ماڭا خەت يېزىپ، "سالامەتلىكىم"گە تەسىر يەتكۈزمىگەن ئەھۋالدا، "سۈرە بەقەرە"نىڭ ئالدىنقى 5 ئايىتىنىمۇ مەدرىس تىلى بويىچە تەرجىمە قىلىپ ۋە ئىمكان قەدەر كوپرەك شەرھىلەپ ۋە ئىزاھلاپ ئېلان قىلىشىمنى ئۈمىت قىلىشتى. بۇ ئۈمىت ۋە تەلەپ چۈشىنىشلىك. چۈنكى مۇسۇلمانلار، بولۇپمۇ ئىسلام ئەھلىلىرى، ئۆلىمالار ئۆزىنى ئۆلچەش، تەكشۈرۈش ۋە مومىنلەرگە تەلىم-تەربىيە بېرىش مەقسىدىدە، "سۈرە فاتىھە"نى ھەمىشە "سۈرە بەقەرە"نىڭ ئالدىنقى 5 ئايىتى بىلەن قوشۇپ تۇرۇپ ئوقۇيدۇ، دۇئا-تىلاۋەت قىلىدۇ ۋە تەفسىر قىلىدۇ. ئەمدى، كىتاپخانلارنىڭ تەلىۋىنى بەجا كەلتۈرەي دېگەن نىيەت بىلەن، قۇدرىتىمنىڭ يېتىشىچە جىددى تۇتۇش قىلىپ، ئالدىنقى ماقالامنىڭ داۋامى سۈپىتىدە بۇ ماقالىنى تەييارلاپ چىقتىم. خاتا ۋە نامۇۋاپىق جايلىرى بولسا، تۈزىتىش بېرىشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن.

## قۇرئان كېرىمنى تەرجىمە قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە

"سۈرە بەقەرە"نىڭ ئالدىنقى 5 ئايىتىنى مەدرىس تىلى بويىچە سوزمۇ-سوز تەرجىمە قىلىپ تەفسىرلەشتىن ئىلگىرى، ئالدى بىلەن قۇرئان كېرىمنى تەرجىمە قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈشنى زورۇر تاپتىم. بۇ-ئىنتايىن جىددى مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان مۇھىم بىر ئىلمىي مەسىلە. مەملىكىتىمىزنىڭ ئىلگىرى ئۆتكەن ئۆلىمالىرى قۇرئان كېرىمنى تەرجىمە قىلىش مەسىلىسىدە ئەزەلدىن ئىككى خىل پىكىردە بولۇپ كەلگەن: بىر خىل پىكىردىكىلەر، تەرجىمە ياخشى بولماي، ئەينەن چىقماي قالسا، قۇرئان كېرىمنىڭ ئەسلى مەنىسى يوقىلىپ كېتىدۇ، دېگەن ئەندىشە بىلەن، ئۇنى تەرجىمە قىلماسلىقنى تەشەببۇس قىلغان؛ بىر خىل پىكىردىكىلەر، خەنزۇچىنى قوللىنىدىغان جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئىچىدە ئاز ساندىكى دىنىي زاتلار قۇرئاننىڭ مەزمۇنى ۋە ئاساسىي مەنىسىنى چۈشەنسىمۇ، لېكىن مۇسۇلمانلارنىڭ كوپىنچىسى قۇرئاننىڭ نازىل بولۇشىدىكى تارىخىي ئارقا كورۇنۇشتىن ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنىدىن بىخەۋەر بولغاچقا، ئەگەر قۇرئان كېرىم خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنمىسا، ئۇنىڭ چىن مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ ۋە تەرغىپ قىلىپ كەتكىلى ھەم ئۇنىڭ يولىدا پىداكارلىق كورسەتكىلى بولمايدۇ، دەپ قاراپ، ئۇنى تەرجىمە قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قۇرئان كېرىمنى تەرجىمە قىلىش مەسىلىسى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى، بۇ ھەقتىكى تالاش-تارتىش چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ داۋاملىشىپ، يېقىنقى مەزگىللەرگە كەلگەندىلا ئاندىن پەيدىن-پەي پىكىر بىرلىككە كېلىپ، ھەممەيلەن دىگۇدەك، ئەرەپچە قۇرئاننى ئوقۇيالمايدىغان ئەمما خەنزۇچە تەرجىمىسى ئارقىلىق ئۇنى چۈشىنىش ئارزۇسىدا بولۇۋاتقانلارنى ئارزۇسىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن، قۇرئان كېرىمنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش زورۇر، دىگەن قاراشقا كەلگەن. مەملىكىتىمىزدە رەسمىي نەشر قىلىنغان خەنزۇچە قۇرئاننىڭ 8 خىل نۇسخىسى بار.

(1) «قۇرئان كېرىم»، تيې جيېڭ تەرجىمە قىلغان، 1927-يىلى بېيجىڭدا نەشر قىلىنغان. بۇ "ئىنگلىزچىدىن ياپونچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ياپونچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان". بۇ بىر غەيرى مۇسۇلمان ئالىم تەرىپىدىن ئەڭ بالدۇر تەرجىمە قىلىنغان خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

(2) «خەنزۇچە قۇرئان كېرىم»، بۇ — مۇسۇلمان ئالىملار بىلەن غەيرى مۇسۇلمان ئالىملار بىرلىشىپ تەرجىمە قىلغان كونىچە ئەدەبىي تىلدىكى تەرجىمە نۇسخىسى. 1931-يىلى شاڭخەيدە نەشر قىلىنغان.

(3) «قۇرئان كېرىم تەرجىمىسى ۋە شەرھى»، بۇ ۋاڭ ۋېنچىڭ (تەخەللۇسى جىڭجەي) تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ، 1932-يىلى بېيجىڭدا نەشر قىلىنغان. بۇ — مەملىكىتىمىزنىڭ مۇسۇلمان ئۆلىمالىرى "مەدرىس تىلى ئارىلاشتۇرۇپ" خەنزۇ تىلى بىلەن تەرجىمە قىلغان ئەڭ بالدۇرقى تولۇق تەرجىمە نۇسخىسى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

(4) «قۇرئان كېرىمنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى ۋە شەرھى»، بۇنى ليۇ جىنبياۋ تەرجىمە قىلغان ۋە تۈزگەن. 1943-يىلى بېيجىڭدا نەشر قىلىنغان.

(5) «قۇرئان كېرىم تەرجىمىسى ۋە شەرھى»، بۇ ۋاڭ ۋېنچىڭنىڭ يېڭى تەرجىمە نۇسخىسى بولۇپ، 1946-يىلى شاڭخەيدە نەشر قىلىنغان، بۇ نۇسخا ئۇنىڭ ئىلگىرى نەشر قىلىنغان ئىككى خىل تەرجىمە نۇسخىسىدىن كۆپ مۇكەممەل (ۋاڭ جىڭجەي ئاخۇن بېيجىڭ نۇسخىسى ۋە شاڭخەي نۇسخىسىنى نەشر قىلدۇرغاندىن باشقا، نىڭشىيادىمۇ بىر تاشباسما نۇسخىسىنى نەشر قىلدۇرغان، ئەمما ئۇنىڭ تىرازى كۆپ ئەمەس، تۈزۈلۈشى ۋە مەزمۇنى شاڭخەي نۇسخىسىغا ئوخشاپراق كېتىدۇ).

(6) «قۇرئان كېرىمنىڭ مەزمۇنى»، بۇنى ياڭ جۇڭمىڭ تەرجىمە قىلغان، 1947-يىلى بېيجىڭدا نەشر قىلىنغان. بۇ "سۆزمۇ-سۆز تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ئىنچىكىلىك بىلەن ھەر بىر سۆز-ئىبارە ئۈستىدە قايتا-قايتا باش قاتۇرۇپ" تەرجىمە قىلىنغان كونىچە ئەدەبىي تىل نۇسخىسى.

(7) «"قۇرئان كېرىم"نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى ۋە شەرھى»، بۇنى شى زىجۇ قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان ۋە شەرھلىگەن. 1958-يىلى تەيبېي جۇڭخۇا پەنلەر ئاكادىمىيىسى ئىسلام دىنى تەتقىقات يۇرتىنىڭ مۇدىرىيىتى نەشر قىلغان، تەيبېي جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تارقاتقان.

(8) «قۇرئان كېرىم»، بۇنى پىروفېسسور ماجيەن تەرجىمە قىلغان، 1981-يىلى نەشر قىلىنغان. بۇ "ئىمكان قەدەر ئەسلىگە سادىق بولغان، چۈشىنىشلىك ۋە راۋان چىققان" ئەڭ يېڭى تەرجىمە نۇسخىسى.

بۇلاردىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، ئەڭ دەسلەپكى تەرجىمە نۇسخىسىنى غەيرى مۇسۇلمان ئالىم تيې جيېڭ ئەپەندى تەرجىمە قىلغان، ئەڭ يېڭى تەرجىمە نۇسخىسىنى بولسا پىروفېسسور

ماجىيەن تەرجىمە قىلغان. ھەر خىل تەرجىمە نۇسخىلىرى تۈزۈلۈش جەھەتتە بىر بىرىدىن پەرقلىنىدۇ، ھەرقايسىسى ئۆزىگە خاس ئالاھى-دىلىككە ئىگە. لېكىن ھەممىسىنىلا مۇكەممەل بولۇپ كەتتى، دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ، قۇرئان كېرىم تەرجىمىسى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئالىم-لارنىڭ ئىلگىرىكىلەرنىڭ قان-تەر بىلەن سىڭ-دۈرگەن ئەمگىكى ئاساسىدا تېخىمۇ مۇكەممەل تەرجىمە نۇسخىلىرىنى ئىشلەپ ۋە تەفسىرلەپ چىقىشىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇقۇشۇمچە، تەرجىمە قىلىنىپ بولۇپ باسمىغا بېرىلمىگەن تەرجىمە نۇسخىلىرىدىن يەنە بىرقانچە خىلى بار ئىكەن، مەسىلەن، خادىچىخ ئاخۇن بىلەن ۋۇ تېڭگۇڭ، شا شەنيۈي ئەپەندىلەر بىرلىشىپ تەرجىمە قىلغان كونىچە ئەدەبىي تىلدىكى قۇرئان كېرىم بۇنىڭ بىر خىلى؛ بىرقانچە پارسى تەرجىمە قىلىنغان ئەمما تولۇق تەرجىمىسى تېخى تۈگىمىگەن نۇسخىلىرى تېخىمۇ كوپ، مەسىلەن، مافۇچۇ تەرجىمە قىلغان «قۇرئان كېرىمدىن 5 پارە» (بەزىلەر بۇنى مافۇچۇنىڭ شاگىرتى مائەنلى تەرجىمە قىلغان دەيدۇ)؛ ئەرەپچە تەرجىمان جاڭ بىگدو ئەپەندى تەرجىمە قىلغان قۇرئان كېرىم 1-2-پارىلىرىنىڭ ئەرەپ-چە-خەنزۇچە سېلىشتۇرما كىتاپچىسى قاتارلىق-لار. بىر قىسىم سۈرە ۋە ئايەتلەرنىڭ تەرجىمە قىلىنىش تارىخى تېخىمۇ ئۇزۇن بولۇپ، بۇ خىل تەرجىمىلەر مىلادى 17-ئەسىردىلا مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن جاڭ شىجۇڭ، ۋۇ زۈنچى، ۋاڭ دەيۈي، ما ۋېنبىڭ، بولۇپمۇ ليۇ جيېليەن قاتارلىق ئۆلىمالار تەرجىمە قىلغان بىر قىسىم سۈرە ۋە ئايەتلەرنىڭ تەرجى-مىلىرى ئۇلارنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرىگە كىرگۈزۈلۈپ، كېيىنكى ئەۋلاتلارغا مىراس قالغان. ئۇنىڭدىن باشقا، شىمالىي ئەنخۇيلۇق ياڭ ئەپەندى تولۇق تەرجىمە قىلغان قۇرئان كېرىم نۇسخىسىمۇ بار، ئۇ بۇ نۇسخىنى بېيجىڭغا ئېلىپ كەلگەن ئىدى، مەنمۇ كورگەن ئىدىم، ئەسلىدە ياردەملىشىپ نەشر قىلدۇرۇپ بېرىشنى ئويلىشىدىم، ۋەزىيەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئەمەلگە ئاشماي قالدى، بۇنىڭغا بەكمۇ ئەپسۇس-لىنىمەن. سەھىپە چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇلارنى بىر-بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ ئولتۇرمايمەن.

قۇرئاننىڭ جۇڭگودا تارقىلىشى ئاساسەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا ئاغزاكى تارقىتىشى ئارقىلىق بولغان، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، مەدرىس تەلىم-تەربىيىسى راۋاج تاپقاندىن كېيىن، ئۇستاز شاگىرتقا ئۆگىتىش، مەسچىت-مەدرىسلەردە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى پەيدىن-پەي مەيدانغا كەلدى. بۇنداق مەدرىس تەلىم-تەربىيىسىنىڭ ئالاھىدىلىگى شۇكى، ئوقۇغۇچىلارغا ئەرەپ، پارس تىللىرىنىڭ گىراماتىكىسى ۋە سىنتاك-سىسى ھەم قۇرئان قىرائىتى ئۆگىتىلىشتىن باشقا، يەنە كوپ يىللار داۋامىدا شەكىللەنگەن، خەنزۇچە، ئەرەپچە، پارسچە تىللارنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ھاسىل بولغان بىر خىل ئالاھىدە تىل — مەدرىس تىلى ئارقىلىق قۇرئان مەزمۇنى چۈشەندۈرۈلىدىغان، قۇرئان تەلىملىرى سوز-لىنىدىغان بولدى.

مەملىكىتىمىزدە دەسلەپكى چاغلاردا مەيدانغا كەلگەن قۇرئان نۇسخىلىرىنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك قولىيازما ئىدى. مۇدەررىسلەر قۇرئاننى "مەدرىس تىلى" بىلەن چۈشەندۇ-رەتتى، تالىپلار بولسا "شياۋ ئېرجىن" دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل يېزىق بىلەن، يەنى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن خۇيزۇ مىللىتى ئىچىدە بولۇپمۇ مەسچىت-مەدرىسلەردە مەيدانغا كەلگەن، خەنزۇ تىلىنى خەنزۇچە، ئەرەپچە، پارسچە تاق سوزلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ ئەرەپچە، پارسچە ھەرپ بىلەن يازىدىغان بىر خىل يېزىق بىلەن خاتىرە يازاتتى. بۇنداق

www.uyghurkitap.com

"مەدرىس تىلى" ۋە "شىياۋ ئېرجىن" يېزىقىنى خۇيزۇ مىللىتىنىڭ تېخى شەكىللىنىپ بولمىغان، كامالىغا يېتىشتىن تېخىمۇ يىراق بولغان بىر خىل تىل-يېزىقى ئىدى، دېيىشكە بولىدۇ. بۇنداق دېيىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، خۇيزۇلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئالاھىدىلىكى (كەڭ دائىرىدە تارقاق، كىچىك دائىرىدە مەركەزلەشكەن بولۇشى) بۇ خىل تىل-يېزىقنىڭ زورۇر بولغان ئۇسۇپ يېتىلىش زېمىنى ۋە يەنىمۇ راۋاج تېپىش شارائىتى (توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوننىڭ بولۇشى)غا ئىگە بولالماي، پەيدىن-پەي زاۋالغا يۈزلىنىپ، ئاخىرى ئۆز مىللىتىنىڭ ياشىشى ۋە ئىجتىمائى تۇرمۇشىدا تېخىمۇ ئېھتىياجلىق بولغان خەنزۇ تىل-يېزىقىغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن، شۇنداق قىلىپ، خەنزۇ تىل-يېزىقى خۇيزۇلارنىڭمۇ تىل-يېزىقى بولۇپ قالغان.

كېيىنكى چاغلاردا، "مەدرىس تىلى" ۋە "شىياۋ ئېرجىن" يېزىقى پەقەت مەسچىت-مەدرىسلەردە تەفسىر قىلىش ۋە ئەمرى-مەرۇپ قىلىش، دىنىي زاتلار ئۆزئارا خەت-ئالاقە قىلىشىش ياكى ئىش-كۈشلەرنى خاتىرىلەش ئىشلىرىدىلا قوللىنىدىغان تىل-يېزىق قورالى بولۇپ قالدى. قۇرئاننىڭ تەرجىمە نۇسخىلىرى ئارىسىدا، پۈتۈنلەي "مەدرىس تىلى" بىلەن تەرجىمە قىلىنغانلىرىمۇ بولغان، مەسىلەن، ئازاتلىق ئەرپىسىدە، بېيجىڭدىن ما خاۋچۈەن ئاخۇن، ما چۈڭۋۇ ئەپەندى قاتارلىقلار قۇرئان كېرىمنىڭ 1-پارىسىنى بىرلىشىپ تەرجىمە قىلىپ، نەشر قىلدۇرغان ئىدى. پىروفېسسور بەي شۇيى ئۆزىنىڭ پىروفېسسور ماجيەن تەرجىمە قىلغان «قۇرئان كېرىم»گە يازغان مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ: "قۇرئان كېرىمنىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى دەسلەپتە خەنزۇ تىلىنى ئەرەپچە ھەرپ بىلەن يېزىش شەكلىدە مەيدانغا كەلگەن. بۇنىڭدىن ئالاھەزەل 40 يىل ئىلگىرى مەن بېيجىڭدا مۇشۇنداق نۇسخىنى كۆرگەن ئىدىم. بۇ خىل نۇسخا سۆزمۇ-سۆز تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلى بىلەن تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، ئالاھىدە ئۇسلۇپقا ئىگە ئىدى. مەن ھازىرمۇ مۇشۇنداق تەرجىمە نۇسخىسىدىن بىرەرنى تېپىپ، خەنزۇچە خەت بىلەن يېزىپ بېقىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن. مەن يەنە، مۇشۇنداق تەرجىمە نۇسخىسىغا ئاساسەن، ئىلگىرىكى مەدرىس تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ۋە ئەرەپچە ھەرپ بىلەن يېزىش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىش ئارزۇسىدىمەن. بۇ جۇڭگو ئىسلام مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا، جۇڭگونىڭ ترانسكرىپسىيىلىك يېزىق تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا، شۇنىڭدەك مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى تىلنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ."

مەن بۇ مۇقەددىمىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ناۋادا قۇرئان كېرىمنىڭ "مەدرىس تىلى" بىلەن تەفسىر قىلىنغان تەرجىمە نۇسخىسىدىن بىرەرسى ساقلىنىپ قالغان بولسا ۋە بۇ نۇسخا كېيىنكىلەرنىڭ خۇيزۇ مىللىتى تىل-يېزىقىنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىش ماتېرىيالى سۈپىتىدە خىزمەت قىلسا، بۇ ئەھمىيەتلىك بىر ئىش بولغان بولاتتى، دېگەن ئويغا كەلدىم.

## "سۈرە بەقەرە" ("كالا" سۈرىسى)نىڭ ئالدىنقى 5 ئايىتىنىڭ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىۋان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

الم (ئەلىف، لام، مىم) (1)؛ بۇ (قۇرئان) شۇنداق كىتاپدۇركى، ئۇنىڭدا ھېچبىر شەك يوق، (ئۇ) مۇتتەقى (خۇدادىن قورققۇچى)لار ئۈچۈن رەھبەردۇر (2)؛ ئۇلار شۇنداق

كىشىلەردۇركى، غايىپتا تۇرغانغا ئىشىنىدۇ، نامازلىرىنى ئادا قىلىدۇ ۋە بىز ئۇلارغا بەرگەن رىزقىنى سەرپ قىلىدۇ (3)؛ ئۇلار ساڭا چۈشۈرۈلگەن (كىتاپ)گە① ۋە سېنىڭدىن ئاۋال چۈشۈرۈلگەن (كىتاپ)گە② ھەقىقەتەن ئىشىنىدۇ، ئاخىرەتكە ھەم جەزمەن ئىشىنىدۇ (4)؛ ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ يولىدىكىلەردۇر، ئەنە شۇلار نىجات تاپقۇچىلاردۇر (5).

تۇۋەندە، مۇشۇ 5 ئايەتكە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار ئۈستىدە ئۆزەمنىڭ تەسراتىنى دەپ ئۆتمەكچىمەن:

"سۈرە بەقەرە"دە قەدىمقى پەيغەمبەرلەردىن مۇسا ئەلەيھىسسالام زامانىدىكى ئاممىنىڭ "كالا"غا چوقۇنىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايە بايان قىلىنىپ، ئاللاتائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا كالىغا چوقۇنۇشنىڭ خۇراپات ئىكەنلىكىنى ئاممىغا جاكالاشنى ئەمىر قىلغان. ("سۈرە بەقەرە" 67-ئايەتتىن 71-ئايەتكىچە). مۇشۇ ئىشنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن، بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى "بەقەرە" ("كالا") دېيىلگەن.

"سۈرە بەقەرە" مەدىنە مۇنەۋۋەردە نازىل بولغان بولۇپ، جەمئىي 286 ئايەت، 40 رۇكۇئ (چوڭ ئابزاس)غا بۆلۈنىدۇ، 1-، 2-، 3-پارىدىن ئىبارەت 3 پارىغا كىرگۈزۈلگەن، 1-، 2-پارىلارنىڭ ھەر بىرىگە 16 دىن رۇكۇئ كىرگۈزۈلگەن، 3-پارىغا 8 رۇكۇئ كىرگۈزۈلگەن. ھەر بىر رۇكۇئنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە مەزمۇنى، ئۇزۇن-قىسقىلىقى ئوخشاش ئەمەس، ئومۇمەن ئۇزۇنلىرى 10 ئايەت ئەتراپىدا (ئەڭ ئۇزۇنى 14 ئايەت)، قىسقىلىرى 4-5 ئايەت (ئەڭ قىسقىسى پەقەت 2 ئايەت). بۇ سۈرە قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ ئۇزۇن سۈرە بولۇپ، قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ قىسقا سۈرىدىن 95 ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشىدۇ، بۇ سۈرىنىڭ ئومۇمىي سەھىپىسى پۈتۈن قۇرئان كەرىمنىڭ 13 دىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ. بەزى ئابزاسلار، مەسىلەن، 282-ئايەت بەزى قىسقا سۈرىلەردەك نەچچە ھەسسە كېلىدۇ.

ئالدى بىلەن، "سۈرە بەقەرە"نىڭ ئالدىنقى 5 ئايىتىنىڭ "سۈرە فاتىھە" بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەي. "سۈرە فاتىھە" مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئاللاتائالادىن ئەمىر ئالغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى چاغلاردا نازىل بولغان ۋەھىي بولۇپ، پۈتۈن قۇرئان كەرىمنىڭ بېشىغا قويۇلغان، شۇڭا، ئۇنىڭ "باش پەرمان" ۋە "ئاساسىي مەقسەت ئېنىق ئېيتىلغان" سۈرە دېگەندەك داڭلىق ناملىرى بار. ئۇنىڭ ئالدىنقى يېرىمى تەسبىھ (ھەمدۇ-سانا سوزى) بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاللاتائالانىڭ ناھايىتى شەپقەتلىك، ناھايىتى مېھرىۋان، پۈتۈن ئالەمنىڭ تەربىيىلىگۈچىسى، قىيامەت كۈنىنىڭ خوجىسى ئىكەنلىكىدەك سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان؛ كېيىنكى يېرىمى بولسا دۇئا-تەلەپ سوزى بولۇپ، بىزنى توغرا يولغا باشلاش تىلەنگەن. بۇ سۈرىنىڭ ئۆزى قىسقا بولسىمۇ، مەنىسى چوڭقۇر، ئۇنىڭدا ئەزەلىي ئالەم، پانىي ھايات، باقىي ئالەملەرنىڭ ھەممىسى تىلغا ئېلىنغان، ئەمەلىيەتتە بۇ سۈرە قۇرئان كەرىمنىڭ پىروگرامما قىسمى، شۇڭا، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، مەككە مۇكەررەمدە ۋە مەدىنە مۇنەۋۋەردە ئىككى قېتىم نازىل بولغان. "سۈرە بەقەرە"نىڭ ئالدىنقى 5 ئايىتىنىڭ مەزمۇنىنى "سۈرە فاتىھە" روھىنىڭ يەنىمۇ شەرھىلىنىشى دېيىشكىمۇ بولىدۇ، بۇ سۈرىلەرنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئىسلام دىنىدىكى پىروگرامما خاراكتېر-

① "ساڭا چۈشۈرۈلگەن كىتاپ" قۇرئان كەرىمنى كورسىتىدۇ.

② ئەۋۋەل چۈشۈرۈلگەن كىتاپ — مۇسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن «تەۋرات»، داۋۇت ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن «زەبۇر»، ئىسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن «ئىنجىل» قاتارلىقلارنى كورسىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

لىق ۋەھىيلەردۇر.

"سۈرە فاتىھە" مەدىنىدە مۇنەۋۋەردە يەنە بىر قېتىم نازىل بولۇپ، قايتا بايان قىلىنىش بىلەن، ئۇنىڭ قۇرئان كېرىمدىكى مۇھىملىقى تەكىتلەنگەن. "سۈرە بەقەرە" ئىسلام دىنىدىكى تۈپ ئېتىقات، ئىجتىمائى تۈزۈم، تىرىكچىلىكتە مۇئامىلە قىلىش پوزىتسىيىسى، مەسىلەن، يېمەك-ئىچمەك قاتارلىق تۇرمۇش ئۇسۇلىغا دائىر مەزمۇنلار بايان قىلىنغان، ئىسلام دىنىنىڭ ئەدەپ-ئەخلاق نۇقتىنەزىرى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم ئەقىدىلىرى ۋە تۈزۈملىرى مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن سۈرىدۇر. ئۇنىڭ ئالدىنقى 5 ئايىتى بولسا مەزكۇر سۈرىنىڭ تۈپ روھىنىڭ ئىخچاملىنىشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بولۇپمۇ 177-ئايەت ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنىنى ئالايلى: "سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ، بەلكى ئاللاغا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، مۇقەددەس كىتاپلارغا، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللانى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش-ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، مۇساپىرلارغا، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازاتلىقىغا ئېرىشىشىگە ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە ئۇرۇشقا سەۋرى قىلىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يۇقۇرىدىكى ئەمەللەرنى ئىشلىگۈچىلەر) راستچىل ئادەملەردۇر (مۇسۇلمانچىلىق دەۋاسىدا)، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر" (مۇھەممەت سالىھ تەرجىمىسى). بۇ ئايەتنى ئالدىنقى 5 ئايەتنىڭ "تارمىغى" ياكى ئالدىنقى 5 ئايەت روھىنىڭ كونكرېت گەۋدىلىنىشى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئالدىنقى 5 ئايەتتىكى تەلىملەرنىڭ مېغىزى ئۇنىڭدا "للمتقين"لەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئەخلاق ۋە سۈپەتلەرنىڭ قاتتىق بەلگىلەنگەنلىكىدۇر.

"سۈرە بەقەرە"نىڭ ئالدىنقى 5 ئايىتىنىڭ 1-سى ئۈچ ئەرەپچە ھەرپتىن تەركىپ تاپقان. قۇرئان كېرىمدە ھەرپ بىلەن باشلانغان سۈرىلەر ئاز ئەمەس. قۇرئانشۇناسلار بۇنى "مۇتەشابىھە" (يېپىق مەنىلىك ئايەت) دەپ ئاتايدۇ ۋە بۇنىڭ مەنىسى ئوچۇق بولمىغاچقا، چوڭقۇر سۈرۈشتۈرۈپ كېتىشنىڭ زورۇرىيىتى يوق، دەپ قارايدۇ. كېيىنكى مۇفەسسىرلەر (قۇرئاننىڭ مەنىسىنى يەشكۈچىلەر)نىڭ ھەرقايسىسى ھەرنىمە دەپ، ئۆزىنىڭ چۈشىنىشى بويىچە كوزقاراشلىرىنى قويۇشقا قىزىقىشتى، بۇلارنىڭ كوپىنچىسى زورمۇ-زور ئېيتىلغان گەپلەردۇر. مەسىلەن، "سۈرە بەقەرە"نىڭ 1-ئايىتىدىكى ئۈچ ھەرپنى پاكىستانلىق مەشھۇر مۇفەسسىر مۇھەممەت ئەلى توغرىدىن-توغرىلا "مەن — ئاللا، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى" دەپ تەرجىمە قىلغان. ئەمەلىيەتتە، بەزى سۈرىلەرنىڭ بېشىدىكى ھەرپلەر، ئېھتىمال، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ھەممىگە ئايان بولغان مەلۇم ئۇقۇمنىڭ شەرتلىك بەلگىسى ياكى قىسقارتىلىپ يېزىلىشى بولۇشى، ئەمما ئۇزاق زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، دەسلەپكى يازما خاتىرىلەرنىڭ بولمىغانلىقى، بولسىمۇ بارا-بارا يوقىلىپ كېتىشى ئارقىسىدا ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. قىسقىسى، بۇ يەردىكى مۇھىم نەرسە شۇ ھەرپلەردىن كېيىنكى ئايەتلەرنىڭ بىۋاستە مەنىسى ۋە تەلىماتىدىن ئىبارەت.

مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسىگە ۋە ئاللاتائالا مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ لەۋزى ئارقىلىق ئۇدۇللۇق نازىل قىلغان بارلىق ۋەھىيلەر (قۇرئان كېرىم)گە ھەرگىز شەك كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، ئىماندا چىڭ تۇرغۇچىلار بەخت-سائادەت تاپىدۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازى-

نىدۇ، شەك كەلتۈرگۈچىلەر بالا ـ قازاغا قالىدۇ، مەغلۇپ بولىدۇ، بۇنىڭ كونكرېت تەلەپلىرى: (1) غايىپ تۇرغانغا ئىمان كەلتۈرۈش؛ (2) ئاللا ـ تائالاغا ئىبادەت قىلىپ ناماز ئوقۇش؛ (3) يېتىم ـ يېسىر ۋە مىسكىنلەرگە زاكات ـ سەدىقە بېرىش؛ (4) مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەز ـ پىسىنى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ـ نىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئېتىراپ قىلىش، يەنى تارى ـ خىي ئىسىل ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش؛ (5) ئاخىرەتكە (جۈملىدىن، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە، ياخشىلىققا مۇكاپات، يامانلىققا جازا بېرىلىدىغانلىقىغا) ئىمان كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. يۇقۇرقى سۈپەت ۋە ئەمەللەردە كامىل بولغۇچىلار ئاللاتائالانىڭ توغرا يولىدا تۇرغۇچى مۇۋەپپەقىيەت ئىگىلىرىدۇر. قۇرئان كېرىمدە ئاللاغا ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاغا ئىتائەت قىلىش، ئاللا يولىدا ياخشى ئەمەل ـ لەرنى قىلىش ۋە باشقىلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن يار ـ يۆلەك بولۇش توغرىسىدا نۇرغۇن تەلىماتلار بار، مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەردىمۇ، مەدىنىدە نازىل بولغان سۈرى ـ لەردىمۇ بار، يەنە كېلىپ، كۆپىنچىسىدە ئاللا يولىدا ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن باش ـ قىلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن يار ـ يۆلەك بولۇش بىر قاتاردا قويۇلغان، بۇ ئىمان بىلەن ھەركەتنى ئوخشاش مۇھىم بىلىدىغان ئەقىدە ۋە تەلىمات ئاساسى بولۇپ قالدى.

"ئۇلار ئاللا بەرگەن رىزقىنى سەرپ قىلىدۇ"، مۇفەسسىر ئەبۇ يۇسۇپنىڭ ئېيتىشىچە، ئاللانىڭ بەرگىنى دېگىنىمىز ماددىي بايلىق ۋە مەنىۋى بايلىقتىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتىكى بايلىققا قارىتىلغان، ماددىي بايلىققا پۇل ـ مال، يېمەكلىك قاتارلىقلار كىرىدۇ، مەنىۋى بايلىققا ئىلىم، ھۈنەر ۋە ھوقۇق... قاتارلىقلار كىرىدۇ.

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان "مۇتتەقى" (تەقۋ ـ دار، قورققۇچى)لار ھەم ئېتىقات، ھەم ئەمە ـ لىيەتتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئامىلغا ئىگە بولغاندىن تاشقىرى، ئەنئەنىنى ئېتىراپ قىلىش، تارىخنى ئۇزۇپ قويماسلىقتەك سۈپەت ـ لەرگىمۇ ئىگە بولۇشى كېرەك. تارىختا ھەق ـ قەتەن نۇرغۇن پەيغەمبەر، رەسۇل (ئەلچى) لار ئۆتكەن. ئىسلامغا ئېتىقات قىلغۇچىلار ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ۋە ئۇلارغا نازىل بولغان كىتاپلارنىمۇ خۇددى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ـ نىڭ ۋەزىپىسى ۋە كىتاۋىنى ئېتىراپ قىلغاندەك ئېتىراپ قىلىشى كېرەك. قۇرئان كېرىمدە ئېي ـ تىلغانىكى: "بىز سېنى ھەق دىن بىلەن بىشا ـ رەت بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق. ئاگاھلاندۇرغۇچى (پەيغەمبەر) ئۆت ـ مىگەن ھېچبىر مىللەت يوق." ("سۈرە فاتىر"، 24 ـ ئايەت). تارىخنىڭ ئىزچىللىقىنى ئېتىراپ قىلىش ـ ئىسلام دىنىنىڭ بىر چوڭ ئالاھىدى ـ لىكى، شۇنداقلا، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام دىن تەرغىپ قىلىش جەريانىدا قايتا ـ قايتا تەكىتلەپ ئۆتكەن بىر ئاقىلانە تەدبىر، شۇن ـ داق بولغاچقىلا، ئۇ ئانچە ئۇزاق بولمىغان ۋاقىت ئىچىدە ئاممىنى ئۆزىگە بوي سۇندۇرۇپ، خەلقنىڭ ئىشەنچىگە ئىگە بولالىغان.

## سۈرىلەرنىڭ ۋاقىت جەھەتتىن بولۇنۇشى ۋە ۋەھىيلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەپلىرى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا

سۈرىلەرنىڭ ۋاقىت جەھەتتىن بولۇنۇش مەسىلىسى توغرىسىدا: ئومۇمەن، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مىلادى 610 ـ يىلى دىن تارقى ـ تىشقا باشلىغاندىن تارتىپ، مىلادى 622 ـ يىلى

مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە ھىجرەت قىلغانغا قەدەر بولغان ئارىلىق مەككە مەزگىلى دەپ قارىلىدۇ. (بۇنىڭ ئىچىدە 610 - يىلدىن 613 - يىلغىچە بولغان ئارىلىق مەخپىي دىن تارقىتىش مەزگىلى دەپ ئاتىلىدۇ، قۇرئان كەرىمدىكى "سۈرە تارىق"تىن يەنى 86 - سۈرىدىن كېيىنكى 20 سۈرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ مەزگىلدە نازىل بولغان). بۇ مەزگىلدىكى تەرغىبات نىشانى كوپرەك ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇققانلىرى، دوست - يارەنلىرى بولغان، تەرغىبات مەزمۇنى كوپرەك ئومۇمىي چاقىرىقتىن، مەسىلەن، ساۋاپلىق ئىشلارنى قىلىشقا دەۋەت قىلىش، يامان ئىشلارنى قىلىشنى مەنئىي قىلىش، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش ۋە سوراققا تارتىلىش...... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولغان، بۇ مەزگىلدىكى سۈرىلەرنىڭ كوپىنچىسى قىسقا، ئىخچام بولۇپ، قەسەم سوزى، شېئىر - نەزمىلەردىن ئىبارەت ئىدى. مىلادى 622 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە كوچۇپ بارغاندىن كېيىن نازىل بولغان سۈرىلەر مەدىنىدە نازىل بولغان سۈرىلەر دېيىلىدۇ. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئىككى جايدا جەمئىي 22 يىل 8 ئايدىن ئارتۇق، تارىخلاردا ئېيتىلىشىچە 23 يىل، يەنى مەككە مۇكەررەمەدە 13 يىل، مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە 10 يىل دىن تارقاتقان.

سۈرىلەرنىڭ نازىل بولغان ۋاقتى ۋە يىللىرى توغرىسىدا: دىن تارقىتىش ۋە ئۇرۇش ئېلىپ بېرىش داۋامىدا يۈز بەرگەن ئەھۋاللار ۋە ۋەقەلەرنى، جۈملىدىن مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەدىمى يەتكەن جايلارنى ئاساسي يىپ ئۇچى قىلىپ تۇرۇپ، بۇنىڭدىن بەزى سۈرە - ئايەتلەرنىڭ نازىل بولغان تەخمىني ۋاقتىنى تېپىپ چىقىش مۇمكىن. مەسىلەن، دىن تارقىتىشقا تەييارلىنىۋاتقان چاغدا مەككە مۇكەررەمەدە نازىل بولغان "سۈرە ئەلەق" ئەڭ دەسلەپكى سۈرەدۇر؛ مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە ھىجرەت قىلىش ئالدىدا مەككە مۇكەررەمەدە نازىل بولغان ئەڭ ئاخىرقى سۈرە — "سۈرە ئەنكەبۇت"؛ مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە بارغاندىن كېيىن تۇنجى قېتىم نازىل بولغىنى "سۈرە بەقەرە"نىڭ بىرقانچە ئايىتى؛ مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە ئەڭ ئاخىرى نازىل بولغىنى بولسا "سۈرە تەۋبە"دۇر.

قۇرئان كەرىمدىكى كونكرېت سۈرە ۋە ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبلىرىگە كەلسەك، قۇرئان كەرىمدىكى ۋەھىيلەرنىڭ كوپىنچىسى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام دىن تارقىتىش، ئۇرۇش قىلىش ياكى باشقىلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىش، باشقىلار بىلەن مۇنازىرىلىشىش ۋاقتىدا، ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈش، گۇمان بىلەن سورالغان مەسىلىلەرنى يېشىپ بېرىش، چوڭ ئىشلار ئۈستىدە قارار چىقىرىش، چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى بىر ياقلىق قىلىش يۈزىسىدىن ئۇدۇللۇق چاكالانغان. مەسىلەن، يېتىم - يېسىرلارنىڭ مال - مۈلكىنى ئىگىلىۋېلىش، دادىسىنىڭ كىچىك خوتۇنىنى ئەمرىگە ئېلىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە، بۇ ئىشلار يۈز بېرىپ بولۇپ، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامدىن يوليورۇق سورالغاندىن كېيىن ئاندىن ئاللاتائالادىن ۋەھيي نازىل بولغان. بۇ پاكىتلار سۈرىلەرنىڭ نازىل بولۇشىدا كوزدە تۇتۇلغان مەسىلىلەرنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەرنىڭ ئايەتلىرى كوپىنچە قىسقىراق بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەزمۇنى تولاراق ئاللانىڭ بىرلىكى، ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكى، شەپقەتلىكلىكى ھەمدە قىيامەت، ئاخىرەت، قايتا تىرىلىش، پەرىشتىلەر، جەننەت، دوزاخ، ياخشىلىققا مۇكاپات، يامانلىققا جازا بېرىش، مۇشرىكلىقنى ئەيىبلەش... قاتارلىقلارنى تەشۋىق قىلىشتىن ئىبارەت بولغان. ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق،

ئەدەپ ئۇقتىنەزىرىنى، مەسىلەن، ئاتا-ئانىغا
ۋاپادار بولۇش، خولۇم-خوشنىلارغا كۆيۈمچان
بولۇش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئەھىد-توختام-
لارغا ئەمەل قىلىش، ئادىل بولۇش، دىيانەت-
لىك بولۇش، شۇنداقلا، يېتىم-يېسىر، مىسكىن-
نامرات، يولۇچى-مۇساپىرلارغا ياخشى مۇئامىلىدە
بولۇش، قۇللارنى ئازات قىلىۋېتىش قاتارلىق-
لارنى تەرغىپ قىلىش مەككىدە نازىل بولغان
سۈرىلەرنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكىدۇر.

مەدىنىدە نازىل بولغان سۈرىلەر ئۇزۇنراق
(مۇستەسنا ئەھۋاللارمۇ بار، مەسىلەن، "سۈرە
نەسر" يەنى 110-سۈرە ئاران 3 ئايەت)، بۇ
سۈرىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ مەزمۇنى قانۇن
تەسىس قىلىش قاتارلىق رېئال تۇرمۇش مەسى-
لىلىرىگە، مەسىلەن، نىكاھ، ئاياللار، يېتىم
بالىلار، يېمەك-ئىچمەك، كىشىلەر بىلەن بول-
ىدىغان مۇئامىلە، تىرىكچىلىك قاتارلىق مەسىلى-
لەرگە دائىر بولۇپ، مەككىدە نازىل بولغان
سۈرىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ كونكرېت، تېخىمۇ
ئەتراپلىق، تېخىمۇ ئىجتىمائىيلىققا ئىگە. ئەل-
ۋەتتە، بىرقاتار ئىجتىمائىي تۈزۈملەرنى بەل-
گىلەش ۋاقتىدا، ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ ئېتىقا-
دىنى ۋە "5 پەرز" (ئىمان، ناماز، روزا،
زاكات، ھەج-تاۋاپ)نى تەكىتلەش يەنىلا بۇ
سۈرىلەر تەرغىباتىنىڭ مەركىزى بولغان.

مەككە مەزگىلىدە تەرغىبات نىشانى ئومۇ-
مەن ئادەتتىكى ئادەملەر بولغان، شۇڭا، سۈرى-
لەردە "ئەي، ئىنسانلار"، "ئەي، ئادەملەر"
دېيىلگەن، مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە كۆچۈپ بارغان-
دىن كېيىن، ۋەزىيەت ۋە كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا
ئۆزگىرىش بولغانلىقى ئۈچۈن، سۈرە-ئايەت-
لەرنىڭ تاۋۇشى ۋە ئۇرامىدىن ئېيتقاندا، 7
يەردىن باشقا جايىنىڭ ھەممىسىدە "ئەي،
مۆمىنلەر!" ياكى "ئەي، مۇسۇلمانلار!" دېگەن
سۆزلەر بىلەن دەۋەت قىلىنغان. سۈرىلەرنىڭ
مەزمۇنىدا تولاراق مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام-
نىڭ دىن تارقىتىش ھەرىكىتىنىڭ ئاخىرقى مەز-
گىللىرىدىكى پائالىيەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈل-
گەن، دىن تەرغىباتىنىڭ ئۇرامى ۋە روھىدا
بولسا ئادەملەرگە ئادەتتىكىدەك ۋەز-نەسىھەت
قىلىپ، ئۇلاردىن ئىسلام ئېتىقادىنى ۋە تەلى-
مىنى قوبۇل قىلىش ئۈمىت قىلىنماستىن، مۆمىن-
لەر قوزغىلىپ دىننى قوغداشقا ۋە ئىسلامىيەتنى
راۋاجلاندۇرۇشقا دەۋەت قىلىنغان.

قۇرئان كەرىمدە مەككىدە نازىل بولغان
سۈرىلەر جەمى 86 سۈرە، 4500 نەچچە ئايەت
بولۇپ، پۈتۈن قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھەزەل
سەل كەم 4 تىن 3 قىسمىنى ئىگەللەيدۇ؛
مەدىنىدە نازىل بولغان سۈرىلەر جەمى 28
سۈرە، 1800 نەچچە ئايەت بولۇپ، پۈتۈن
قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھەزەل 4 تىن بىر قىس-
مىدىن كۆپرەكىنى ئىگەللەيدۇ. پۈتۈن سۈرى-
لەرنىڭ نازىل بولغان ۋاقتى، ئورنى، سانى،
مەزمۇنى ۋە سۈرىلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش
تەرتىۋىنىڭ روھىدىن قارىغاندا، دەسلەپكى
مەزگىلدىكى يەنى مەككە مەزگىلىدىكى سۈرى-
لەرنىڭ سانى كۆپ، كېيىنكى مەزگىلدىكى
يەنى مەدىنە مەزگىلىدىكى سۈرىلەرنىڭ سانى
ئاز؛ مەككە مەزگىلىدىكى سۈرىلەردە ئىمان،
ئاخىرەت قاتارلىق روھىي تۇرمۇشقا كۆپرەك
ئەھمىيەت بېرىلگەن، مەدىنە مەزگىلىدىكى
سۈرىلەردە سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىشلارغا ئوخ-
شاش ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا كۆپرەك ئەھمىيەت
بېرىلگەن. بۇ يەردە، قۇرئان كەرىمدىكى ئال-
دىنقى 10 سۈرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدىكى
مۇھىم نۇقتا ۋە روھىتىن (مەسىلەن، مەدىنە
مۇنەۋۋەرەدە نازىل بولغان سۈرىلەردىن ئال-
دىنقى 10 سۈرىگە كىرگۈزۈلگەنلىرى كۆپ سانىنى
تەشكىل قىلىدۇ، مەككە مۇكەررەمەدە نازىل
بولغان سۈرىلەردىن ئالدىنقى 10 سۈرىگە كىر-
گۈزۈلگەنلىرى ئاز سانىنى تەشكىل قىلىدۇ)
قارىغاندا، 4 چوڭ خەلىپە دەۋرىدىكى ئىسلام

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىنىنىڭ رىياللىقىغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ "ئاگاھلاندۇرۇش، بىشارەت بېرىش"تىن ئىبارەت مۇقەددەس ئۇلۇغ ئىشى مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى تاماملاش ئۈچۈن، مىلادى 632-يىلى شەخسەن ئۆزى 100 مىڭدىن ئارتۇق مۇسۇلمان قېرىندىشىنى باشلاپ، شەرەپ بىلەن ئۆز يۇرتى — مەككە مۇكەررەمىگە قايتىپ، ھەج-تاۋاپ پەرزىنى ئادا قىلغان مەزگىلدە، ئەرەپات تېغى ئۈستىدە تۇرۇپ، تەنتەنىلىك ھالدا: "... بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى كامالەتكە يەتكۈزدۈم، سىلەرگە ئاتا قىلغان نېمىتىمنى تاماملىدىم ۋە ئىسلام دىنىنىڭ سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشىغا رازى بولدۇم..." ("سۈرە مائىدە" 3-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دەپ جاكالىغان.

بۇ ئايەت كىرگۈزۈلگەن "سۈرە مائىدە" 120 ئايەت بولۇپ، مەدىنىدە نازىل بولغان سۈرىلەردىندۇر، ئەمما ئۇ ئايەت مەككە مۇكەررەمىدە نازىل بولغان، شۇنداقلا بۇ ئايەت پۈتۈن قۇرئان كېرىمدىكى ئەڭ ئاخىرقى ۋەھيي بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا مۆمىنلەر مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام جاكالىغان بۇ ۋەھيىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن ھاياجانلانغان، ئۇلار ئىسلامنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن تەنتەنە قىلىشقان ۋە شاد-خورام بولۇشقان، پەقەت مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ توت چوڭ ساھابىسىدىن بىرى بولغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) بۇ ۋەھيىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پەرىشان بولۇپ، كۆز يېشى قىلغان، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن نېمىشقا كۆز يېشى قىلغانلىقىنى سورىغاندا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "ئاي تولغاندىن كېيىن تېزلا پۇچۇق بولۇشقا قاراپ ماڭىدۇ" دېگەن. دېگەندەك، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ بولۇپ، مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە قايتقاندىن كېيىن، ئاران 82 كۈن ياشاپلا ۋاپات بولۇپ ئاللانىڭ دەرگاھىغا كەتتى. بۇ نۇۋەتتىكى ھەج-تاۋاپ تارىختا "ھەججەتۇل ۋىدا" — خوشلىشىش ھەج-تاۋابى، دەپ ئاتىلىدۇ.

بەزى مۇسۇلمان ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىچە، "سۈرە مائىدە"نىڭ 3-ئايىتىنىڭ نازىل بولۇشى، بىر تەرەپتىن، ئىسا ئەلەيھىسسالام «ئىنجىل»دا ئېيتقان بىشارەتنىڭ① نامايەن بولۇشى، يەنە بىر تەرەپتىن، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ پات ئارىدا ئاللاتائالانىڭ ئەمرى بويىچە ئاللانىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلىدىغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىسلام دىنى يېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويىدى.

مەن بىر ئادەتتىكى بەندە، ھەمىشە سەۋەنلىكلەر ئىچىدە تۇرىمەن، مېنىڭ ئېيتقانلىرىمدىن توغرىلىرى ئاللاتائالانىڭ ھىممىتىدىن بولغان، پەقەت ئاللاتائالا ھەممىگە قادىردۇر، مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. كەڭ پىكىر ۋە ئىلىم بىلەن تولغان قۇرئان كېرىمنى ئۆمۈر بويى ئۆگەنسەممۇ يەنە يېتىشەلمەيمەن. ئىنشائاللا (خۇدا خالىسا)، قۇرئان كېرىمنىڭ باشقا قىسىملىرىنى ئۆگىنىشتىن ئالغان ئاز-تولا ھاسىلاتلىرىم توغرىسىدىمۇ مەملىكىتىمىزدىكى ئالىملارنىڭ تەلىمىنى ئالماقچىمەن.

---

① «ئەھدى جەدىد. يۇھەننا ئىنجىل»نىڭ 16-سۈرە 12 — 13-ئايەتلىرىدە ئېيتىلىشىچە: "ئىسا مۇنداق دېگەن ئىدى: 'مەن سىلەرگە دېيىدىغان يەنە بىرمۇنچە ئىشلار بار، ئەمما ھازىر دەسەممۇ تېگىگە يېتەلمەيسىلەر، ھەقىقەت پەيغەمبىرىنى كۈتۈڭلار، ئۇ سىلەرنى ھەممە ھەقىقەتلەرنى چۈشىنىشكە يېتەكلەيدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆز خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ، ئاڭلىغانلىرىنىلا سۆزلەيدۇ ھەمدە كەلگۈسىدىكى ئىشلارنى سىلەرگە دەپ بېرىدۇ.'"

# «ئەسر سۈرىسى»نى ئۆگىنىشتىن ئالغان تەسىراتىم

ليۇ گۇجيڭ

قۇرئاننىڭ 103 ـ سۈرىسى (ئەسر سۈرىسى) جەمى 3 ئايەت بولۇپ، مەككىدە نازىل بولغان.

پۈتۈن سۈرىنىڭ مەنىسى مۇنداق: (1) ۋاقىت بىلەن قەسەمكى؛ (2) ھەممە كىشى زىيان ئىچىدىدۇر؛ (3) پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئىش قىلغان، بىر بىرىنى ھەقىقەتكە دالالەت قىلىشقان ۋە بىر بىرىگە سەۋرى بىلەن نەسىھەت قىلىشقان كىشىلەرلا ئۇنداق ئەمەس.

بۇ سۈرىنىڭ "ۋاقىت بىلەن قەسەمكى" دېگەن 1 ـ ئايىتىدە ۋاقىتنىڭ مۇھىملىقى ۋە چىنلىقى كۆرسىتىلگەن.

ئىنساننىڭ ھاياتىدا، پايدىلىنىلىدىغان ۋاقىت ئۇزاق بولمايدۇ، ئۇزاق بولسا نەچچە ئون يىل، قىسقا بولسا بىرنەچچە يىل ياكى ئۇنىڭدىنمۇ قىسقىراق بولىدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇ ئۈزلۈكسىز تۈردە ئازىيىپ بارىدۇ (زىيانغا ئۇچراپ بارىدۇ)، ئۇنى كەينىگە ياندۇرغىلى بولمايدۇ. ئاللاتائالا بۇ يەردە ۋاقىتنى ئىنسان ھاياتىنىڭ دۇنيادا زىيانغا ئۇچراپ بارىدىغانلىقىنىڭ مۇقەررەرلىكىگە تەمسىل قىلىدۇ.

2 ـ ئايەتتىكى "ھەممە كىشى" ئەمەلىيەتتە كۆپ ساندىكى كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ، "ھەممە كىشى" دېگەن سۆز 3 ـ ئايەتتىكى "پەقەت... قىلغان كىشىلەرلا ئۇنداق ئەمەس" دېگەن مەزمۇننى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

"زىيانغا ئۇچراپ تۇرىدۇ" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى شۇكى، كىشىلەر دۇنيادا ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى ئوخشاش بولمىغان ۋاقىتنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، دۇنيادىكى خىلمۇ ـ خىل شەيئىلەر بىلەن قايمۇقىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆز نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئۇنداق ياكى بۇنداق خاتالىق ھەتتا جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ قويۇشتىن خالى بولالمايدۇ ـ دە، ئاخىرەتكە بارغاندا ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇنقى ئورنىغا قايتىپ بارالمايدۇ.

3 ـ ئايەت ئۈچ جۈملە بولۇپ، بۇ ئايەتتە كىشىنىڭ قانداق قىلغاندا زىيانغا ئۇچرىمايدىغانلىقىنىڭ يەنى ئاخىرەتكە بارغاندا جازاغا ئۇچرىمايدىغانلىقىنىڭ شەرتلىرى كۆرسىتىلگەن. بۇ مۇنداق تۆت شەرتتىن ئىبارەت:

(1) ئىمان. بۇ مۇشۇ ئايەتنىڭ بىرىنچى جۈملىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ ئاللاتائالاغا، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، تەقدىرگە، ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرۈشتىن ۋە شاھادەت ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىش قاتارلىق بەش پەرزنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەت.

(2) ياخشى ئىش قىلىش. بۇ ئىمان بىلەن بىر ۋاقىتتا ۋە تەڭمۇ ـ تەڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئىسلام دىنى بۇ دۇنيالىقىغىمۇ، ئاخىرەتلىكىگىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان دىن، ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

روھ بىلەن ماددىنى تەڭ ئورۇنغا قويىدۇ، روھ (ئېتىقات)نى ماددىغا (ھەركەتكە) يېتەكچى قىلىدۇ؛ ئۇز نۇۋىتىدە يەنە ھەر خىل ياخشى ئىشلار (ماددا) ئارقىلىق ئېتىقات (روھ)نى يېتىشتۈرىدۇ. نەزىرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش لازىم، بۇ ئىككىسى بىر بىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە بىر بىرىگە باغلىنىدۇ، بۇنىڭ بىرىگە ئېتىۋار بېرىپ، بىرىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ، بىرىنى چىڭ تۇتۇپ، بىرىنى تاشلىۋېتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. بىر مۇسۇلمان ئۇچۇن ئېتىقاتىدا، قىلغان ئەمەلىنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى ئۇنىڭ ئىمانىنىڭ قانداقلىغىنى كورستىپ ۋە ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

قۇرئان كېرىمدە ياخشى ئىش قىلىش توغرىسىدا كوپ قېتىم ۋەھيى چۈشۈرۈلگەن، مەسىلەن: خىش-ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، مۇساپىرلارغا، سائىللارغا سىلە-رەھىم قىلىش؛ يېتىملەرنىڭ مال-مۈلكىگە تەگمەسلىك، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، مۇھتاجلىققا سەۋرى قىلىش، ئاتا-ئانىنى ھورمەتلەش، سودا-سېتىقتا ئادىل بولۇش، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش ۋە ئادىل بولۇش، دىن ۋە ھەقىقەت يولىدا غازات قىلىش؛ ساۋابى ئاز ئىش بولسىمۇ ئۇنى قىلىش، گۇناسى كىچىك ئىش بولسىمۇ ئۇنى قىلماسلىق، قىسقىسى، ھەرقانداق ھەركەت ئاللانىڭ ئىرادىسىگە، خەلقىنىڭ ئەھۋالىغا توغرا كېلىش لازىم.

(3) بىر بىرىنى ھەقىقەتكە دالالەت قىلىش. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلاردىن بۇ دۇنيادا قۇرئان، ھەدىس ۋە فىقھە بويىچە ئىش قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەقىقەت قۇرئان كېرىمنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە سىڭدۈرۈلگەن، ھەدىس قۇرئاننىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن شەرھى ھىساپلىنىدۇ، فىقھە—قۇرئان كېرىم ۋە ھەدىس شېرىپىكە ئاساسەن، كونكرېت مەسىلىنى كونكرېت جايلارنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرگەن ھالدا تۈزۈپ چىقىلغان قانۇن. شۇڭا، مۇسۇلمانلاردىن قۇرئان، ھەدىس ۋە فىقھىنىڭ ھوكمىگە ئۇزلىرىنىڭلا ئەمەل قىلىشى تەلەپ قىلىنىپ قالماستىن، ئاللا كورسەتكەن يولدا بىللە ئىلگىرىلەش ئۇچۇن، ئۇلارنىڭ بىر بىرىگە نەسىھەت قىلىپ، قۇرئان، ھەدىس ۋە فىقھىنىڭ ھوكمىگە تەڭ ئەمەل قىلىشىمۇ تەلەپ قىلىنىدۇ.

(4) بىر بىرىنى سەۋرچان بولۇشقا دەۋەت قىلىش. ئادەمنىڭ دۇنيادا ياشايدىغان ۋاقتى ئۇزاقمۇ بولىدۇ، قىسقىمۇ بولىدۇ، ھەر بىر كىشىنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش بولمايدۇ، بەزىلەر ئىتائەت قىلغۇچى، بەزىلەر خىيانەت قىلغۇچى بولىدۇ، بەزىلەر باي، بەزىلەر كەمبەغەل بولىدۇ، بەزىلەرنىڭ ئىشى ئوڭىدىن كېلىدۇ، بەزىلەر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدۇ، بەزىلەر شەرەپ قازىنىدۇ، بەزىلەر ھاقارەتكە قالىدۇ. مۇسۇلمانلار بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاللانىڭ بىزنى سىنىغانلىغى دەپ قارايدۇ. ئەھۋال قانچە ناچار بولسا، قۇرئان ۋە ھەدىستىكى ھەقىقەت بىلەن بىر بىرىگە شۇنچە ئىلھام بېرىش، ئىسلام دىنى يولىدا ئېغىشماي ۋە تەۋرەنمەي مېڭىش لازىم.

يۇقۇرىدىكى تۆت شەرتنى مۇسۇلمانچىلىقنىڭ ئولچىمى دىيىشكە بولىدۇ.

بۇ سۈرىگە ئەمەل قىلىش ئۇچۇن، ھەممەدىن ئاۋال ئىسلام ھەقىقىتىنىڭ نىمە ئىكەنلىگىنى بىلىش لازىم. ھەقىقەت چەكسىز تەرەققىيات جەريانىدا بارلىققا كەلگەن. ئۇنىڭدا پىرىنسىپاللىق (مۇتلەقلىق)، جانلىقلىق (نىسبىلىك) ۋە ئىلغارلىق (ئىلمىيلىك) بولىدۇ. پىرىنسىپاللىقتا چىڭ تۇرۇش، جانلىقلىقنى تەتبىق قىلىش لازىم؛ جانلىقلىقنى

# ئىسلام دىنى توي-تۆكۈن ئىشلىرىنى تېجەشلىك ئۆتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى **ئەن شىۋېي**

ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىگە خاس نىكا تۈزۈمى ۋە شەرىئەت بەلگىلىمىلىرى بار. نىكاغا دائىر بۇ تۈزۈم ۋە بەلگىلىمىلەردە ھەم بۇنىڭدىن مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن ئىلگىرىكى ئەرەپ يېرىم ئارىلىنىڭ ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىكى، مەسىلەن، نىكالىنىش يېشى كىچىك بولۇش، كۆپ خوتۇن ئېلىشقا يول قويۇش، كۆپ پەرزەنت تېپىشقا رىغبەتلەندۈرۈش قاتارلىقلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؛ ھەم ۋارىسلىق قىلىپ جارى قىلدۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئەنئەنىۋى بەلگىلىمىلەر، مەسىلەن، نىكا ئەركىنلىكى، توي-تۆكۈن ئىشلىرىنى تېجەشلىك ئۆتكۈزۈش، ئەر-ئايال ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش قاتارلىقلارنى تەشەببۇس قىلىشقا دائىر بەلگىلىمىلەرمۇ بار. بۇ يەردە شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىكنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نىكا تۈزۈمى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزمەي، ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە بەلگىلىمىلەر ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

ئىسلام دىنىنىڭ نىكا قارىشىمۇ، ئۇنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىغا ئوخشاشلا، بۇ دۇنيالىق ئىشلارغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆيلىنىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ[1]؛ ئۆيلىنىش پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسىل پەزىلىتى[2]؛

تەتبىق قىلىشتا پرىنسىپاللىقنى ئۇلۇك ئەقىدىگە ئايلاندۇرۇپ قويماي، بەلكى پرىنسىپاللىقتا تېخىمۇ توغرا ھالدا چىڭ تۇرۇش مەقسەت قىلىنىدۇ. مۇشۇ ئىككى مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلغاندىلا ئاندىن ئۇنى ئىلغار پەنگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ، بۇ جەھەتتە قۇرئاندىمۇ، ھەدىستىمۇ بىزگە ئۈلگە كۆرسىتىپ بېرىلگەن؛ ئۆلىمالار فىقھىنى بەرپا قىلىش ۋاقتىدىمۇ بىزگە ئۈلگە كۆرسىتىپ بەرگەن.

قىسقىسى، ئىسلام ھەقىقىتى ئۇلۇك ئەقىدە ئەمەس، ئۇ قۇرئان، ھەدىس ۋە بارلىق مۇقەددەس كىتابلارغا سىڭدۈرۈلگەن. بۇلارنى قېتىقىنىپ ئۆگىنىپ، كۆڭۈل قويۇپ پىكىر يۈرگۈزگەندىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ چىن مەنىسىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ھەممە ئىشنى دىيالېكتىك ئاساستا بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇڭا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىنىش شارائىتى بار تۇرۇپمۇ ئۆيلەنمەسلىكى، ياكى راھىب بولۇپ بويتاق ئۆتۈشى ئىسلام ئەھكاملىرىغا ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەسىيەتلىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ③ دەپ قارايدۇ؛ شۇنىڭدەك ئۇ يەنە قانۇن بويىچە ئۆيلىنىش بىر خىل ساۋاپلىق ئىش دەپ قارايدۇ، چۈنكى ئۆيلىنىش ئارقىسىدا، ئەر-ئايال بىر بىرىگە تەسەللى بېرىدۇ، بىر بىرىنى ئاسرايدۇ، بىر بىرىگە كۆيۈنىدۇ، ئۆزئارا تەقدىرداش بولىدۇ④؛ پۈتۈن نىيىتى بىلەن ساۋاپلىق ئىش قىلىپ، دىنىي جەھەتتە پاكلىقنى ساقلاپ، ئەخلاقىي جەھەتتە تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، جەمىيەت ئەمىن تاپىدۇ، ئوبدان ئىجتىمائىي كەيپىياتلار مۇستەھكەملىنىدۇ، مىللەت كۆللىنىپ بارىدۇ...... قىسقىسى، ئىسلام دىنى نىكا مەسىلىسى جىددىي تۈس ئالغان ئىجتىمائىي مەسىلە، شەخسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇ بىر ئۆمۈرلۈك ئىش، ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە دەپ قارايدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ تەلىمى بويىچە، ئىسلام دىنى نىكا بىر خىل تەنتەنىلىك بولغان پۈتۈم مۇناسىۋەتى، شۇنداقلا تەبىي ھەم ئەستايىدىل بىرلىشىش بولۇپ⑤، ئەر تەرەپمۇ، ئايال تەرەپمۇ مۇناسىپ ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ ھەمدە مۇناسىپ مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ⑥ دەپ ھىساپلايدۇ. دېمەك، ئىسلام دىنىنىڭ نىكا توغرىسىدىكى بەزى بەلگىلىمە ۋە تۈزۈمىلىرى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرەپ رايونىدا مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاساسىي روھى بولسا ئىنتايىن ئەستايىدىلدۇر. ئىسلام دىنىدا ئەر-ئايالنىڭ توي قىلىشى ئۈچۈن ھازىرلاش زورۇر بولغان 3 شەرت ۋە رەسمىيەت بەلگىلەنگەن.

بىرىنچى، تەلەپ قويۇش، يەنى ئەر تەرەپ ياكى ئايال تەرەپ قارشى تەرەپكە رەسمىي تەلەپ قويۇش بولۇپ، بۇ ئەرەپچىدە "ئىجاب" (ايجاب) دېيىلىدۇ؛ ئىككىنچى، ماقۇل كورۇش، يەنى تەلەپ قويۇلغان تەرەپ بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلىپ ئۆزىنىڭ ماقۇللۇغىنى رەسمىي بىلدۈرۈش بولۇپ، بۇ ئەرەپچىدە "قوبۇل" (قبول) دېيىلىدۇ؛ ئۈچىنچى، تەلەپ قويغۇچى بىلەن ماقۇل كورگۈچى ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ پىكرىنى ئېغىز ئارقىلىق ئېنىق ئىپادىلىشى ھەمدە ئۇلارغا بىرقانچە ئادەم گۇۋا بولۇشى كېرەك. نىكاغا گۇۋاچىلىق قىلىشتا ياش قورامىغا يەتكەن ئىككى كىشىنىڭ نەق مەيداندا تۇرۇپ ئەر-ئايال ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى تەلەپ قويۇش ۋە ماقۇل كورۇش جەريانىنى ئۆز كوزى بىلەن كورۇپ، ئەر-ئايال ئىككى تەرەپنىڭ توي قىلىشقا قوشۇلغانلىقىغا گۇۋا بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ، بۇ ئەرەپچىدە شاھادەت (شهادە) دېيىلىدۇ. بۇ شەرتلەر ۋە رەسمىيەتلەر ئورۇنلانغاندىن كېيىن، ئەر-ئايال ئەر-خوتۇن بولغان بولىدۇ. بۇلار، ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ ئومۇملۇك شەرتلىرىدۇر؛ بۇنىڭدا نىكادا ئەر-ئايال ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشى، ئىختىيارىيلىق ئاساسىدا ئىش قىلىشى ھەمدە بىرقانچە ئادەمنىڭ گۇۋا بولۇشى كېرەكلىكى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

توي قىلغۇچى ئەر-ئايال ئىككى تەرەپ ئائىلە باشلىقى (ئاتا بولغۇچى)نىڭ ماقۇللۇغىنى ئېلىشى كېرەك، لېكىن ئائىلە باشلىقى بالاغەتكە يەتكەن پەرزەنتلىرىنى توي قىلىشقا زورلىماس-

لىغى ۋە ئۇنىڭغا چات كېرىۋالماسلىغى كېرەك، پەقەت ئۇلار نامۇۋاپىق لايىقنى ئالىلغان چاغدىلا، ئايرىلىپ كېتىش تەكلىۋىنى بەرسە بولىدۇ. بۇ، لايىق تاللاشتا يەنىلا ئائىلە باشلىغىنىڭ پىكرىنى ئېلىشنىڭ زورۇرلۇگىنى چۈشەندۈرىدۇ، چۈنكى ئائىلە باشلىغى ھامان پەرزەنتلىرىنىڭ بەختلىك بولۇشىغا كوڭۇل بولىدۇ. لايىق تاللاشتا ئورتاق ئېتىقاتتىكى، قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان، ئەخلاقلىق، تەربىيە كورگەن كىشىلەرنى تېپىش كېرەك.

ئەر تەرەپنىڭ ئايال تەرەپكە مۇۋاپىق تويلۇق بېرىشىگە كەلسەك، بۇ، توي قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك شەرتى ئەمەس، بەلكى ئەر تەرەپنىڭ ئوتەشكە تېگىشلىك بىر مەجبۇرىيىتىدۇر. ئايال تەرەپ تويلۇق ئېلىشتىن ۋاز كەچسە ياكى تويلۇق ئالمىسىمۇ، نىكا كۈچكە ئىگە بولۇۋېرىدۇ. ئىسلام دىنىدا تويلۇقنىڭ مىقدارى توغرىسىدا بەلگىلىمە يوق، ھەركىم ھالىغا بېقىپ ئىش قىلسا بولۇۋېرىدۇ، لېكىن "10 تەڭگە"دىن ئاز بولماسلىغى كېرەك (بۇ ئەرەپچىدە "دىرھەم" [درهم] دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئالا-ھەزەل 1 سەر كومۇشكە باراۋەر كېلىدۇ).

ئىسلام دىنىنىڭ نىكاغا دائىر تۇرلۇك تۈزۈم ۋە رەسمىيەتلىرى ئوتتۇرا ئەسىردە ئەرەپ رايونىدا يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ئاساسىي روھى—ئەر-ئايال ئىككى تەرەپ ئىختىيارىيلىق ئاساسىدا ئىش قىلىش، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش، ئۈچىنچى بىر تەرەپ نەق مەيداندا تۇرۇپ گۇۋا بولۇش—يەنىلا ئەقىلگە سىغىدىغان بولغاچقا، ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرى ئۇنى قوبۇل قىلدى ھەمدە شۇ بويىچە ئىش قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

ھازىر، مەملىكىتىمىزدە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكا قانۇنى» يېڭىۋاشتىن تۇزىتىلىپ يولغا قويۇلدى، بۇنى ھەر مىللەت خەلقى جۇملىدىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىغۇچى 10 ئاز سانلىق مىللەت قىزغىن ھىمايە قىلدى. چۈنكى بۇ نىكا قانۇنى خوتۇن-قىزلار، ئۇسمۇرلەر ۋە ياش قورامىغا يەتكەن ئەر-ئاياللارنىڭ نىكا ئەركىنلىگى جەھەتتىكى تۇپ مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ. نىكا قانۇنى بويىچە نىكا گۇۋانامىسىنى ئالغاندىن كېيىن، توي مۇراسىمىنى قانداق ئوتكۇزۇش بولسا شەكىل مەسىلىسى ياكى شەخسلەرنىڭ، مىللەتلەرنىڭ، رايونلارنىڭ ئادىتى مەسىلىسى بولۇپ، ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا توي قىلسىمۇ، كوللىكتىپ ئوتكۇزۇلىدىغان توي مۇراسىملىرىغا قاتناشسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، ياكى ساياھەت تويى قىلسىمۇ بولىدۇ، چۈنكى بىر پۇقرا دولەتنىڭ قانۇنىدا بەلگىلەنگەن توي قىلىش رەسمىيەتلىرىنى ئوتەپ بولغاندىن كېيىن، نىكا قانۇنلۇق بولىدۇ.

بىر مۇسۇلمان قانۇن بويىچە توي قىلىش رەسمىيەتلىرىنى ئوتەپ بولغاندىن كېيىن، دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىگى سىياسىتى بويىچە، ئۆز مىللىتىنىڭ، ئۆز دىنىنىڭ ئورپ-ئادىتى بويىچە، ئاخۇن تەكلىپ قىلىپ نىكا ئوقۇتسىمۇ بولىدۇ، بۇنداق قىلىشنى خالىمىغانلارنىمۇ زورلاشقا بولمايدۇ.

ئىسلام دىنى تېجەشلىك ئىش قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئىسراپچىلىق قىلىشقا قارشى تۇرىدۇ. قۇرئان كېرىمدە ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ كورسىتىلگەن: "سىلەر، ئىسراپچىلىق قىلماڭلار! ئاللاتائالا ئىسراپچىلىق قىلغۇچى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لارنى دوست تۇتمايدۇ.» (7 ـ سۈرە، 31 ـ ئايەت) «تېجەشلىك بولۇش تۇرمۇشنىڭ يېرىمى، تېجەشلىك ئىش قىلغۇچىلار غورىبەتچىلىك تارتمايدۇ.»⑦ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىمۇ تېجەشلىك ئىش قىلىدىغان. ئىسىل ئەنئەنىگە ئىگە. مېنىڭ يۇرتۇم بولغان خېبېي ئۆلكىسى باۋدىڭ ۋىلايىتىدە، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا توي ـ تۆكۈن ئىشلىرىنى تېجەشلىك ئۆتكۈزۈش تەشەببۇس قىلىنغان ھەمدە بەزى كونكرېت نىزاملار ئوتتۇرىغا قويۇلغان، باۋدىڭنىڭ شىداسى مەسچىتىدە «تېجەشلىك بولساڭ دىيانەتلىك بولىسەن» دېگەن يادنامە تۇرغۇزۇلۇپ، توي ـ تۆكۈن ئىشلىرىنى تېجەشلىك ئۆتكۈزۈشنىڭ نىزاملىرى تەرغىپ قىلىنغان. بۇنى ئىسلام دىنىنىڭ تېجەشلىك ئىش قىلىش، ئىسراپچىلىق قىلىشقا قارشى تۇرۇش كېرەك دېگەن تەشەببۇسىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ دېيىشكە بولىدۇ. نۆۋەتتە بەزى جايلاردا كىشىلەرنىڭ تويىنى ئىسراپچىلىق، سولەتۋازلىق قىلىشتەك كونا ئادەت بويىچە ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، بىز كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ توي ـ تۆكۈن ئىشلىرىنى تېجەشلىك ئۆتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىشىمىز لازىم.

ئىزاھلار:

① قۇرئان كېرىم، 24 ـ سۈرە، 32 ـ ئايەتكە قارالسۇن.

② «ئەللۇئلۇئۇ ۋەلمەرجان» 885 ـ ئابزاسقا قارالسۇن:

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئۈچ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئۆيلىرىگە كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلىدىغان تائەت ـ ئىبادىتىدىن سورىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادىتىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇنى ئاز ساناپ: ئاللا تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆتكەنكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىنى كەچۈرگەن تۇرسا، بىز قانداقمۇ ئۇنىڭغا يېتىشەلەيتتۇق، دېيىشتى. ئۇلارنىڭ بىرى: مەن ھەمىشە كېچىچە ئۇخلىماي ناماز ئوقۇپ چىقىمەن، دېدى. يەنە بىرسى: مەن ھەمىشە روزا تۇتىمەن، ھەرگىزمۇ ئېغىزىم ئوچۇق يۈرمەيمەن، دېدى. يەنە بىرسى: مەن ئاياللاردىن يىراق بولىمەن، ھەرگىزمۇ ئۆيلەنمەيمەن، دېدى. رەسۇلۇللا كېلىپ ئۇلارغا: سىلەر مۇنداق ـ مۇنداق دەپسىلەر، ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سىلەرگە قارىغاندا ئاللادىن بەك قورقىمەن ۋە ئەڭ تەقۋادارمەن. مەن بەزىدە روزا تۇتىمەن، بەزىدە تۇتمايمەن، كېچىسى ھەم ناماز ئوقۇيمەن، ھەم ئۇخلايمەن، خوتۇنمۇ ئالىمەن، كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمنى تەرك ئېتىدىكەن، ئۇ مېنىڭ سۈننىتىمگە مەنسۇپ ئەمەس، دېدى.»

③ يۇقۇرقى كىتاپ 886 ـ ئابزاسقا قارالسۇن:

سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇركى، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوسمان ئىبنى مەزئۇننى بويتاق ئۆتۈشتىن توسقان، ئەگەر ئۇ ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلغان بولسا، بىزمۇ چوقۇم ئۆزىمىزنى ئاختا قىلدۇرۋەتكەن بولاتتۇق.»

④ قۇرئان كېرىم، 2 ـ سۈرە، 187 ـ ئايەتكە قارالسۇن.

⑤ قۇرئان كېرىم، 4 ـ سۈرە، 21 ـ ئايەتكە قارالسۇن.

⑥ قۇرئان كېرىم، 2 ـ سۈرە، 228 ـ ئايەتكە قارالسۇن.

⑦ ئەرەپ تەمسىلى.

# ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرزنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈش

## ما جىشىيەن

ئاللاتائالا مۇنداق دېگەن: "ئاللاغا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، مۇقەددەس كىتاپلارغا، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللانى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش-ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، مۇساپىرلارغا، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازاتلىقىغا ئېرىشىشىگە ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇقتا، كېسەللىككە ۋە ئۇرۇشقا سەۋرى قىلىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يۇقۇرىدىكى ئەمەللەرنى ئىشلىگۈچىلەر) راستچىل ئادەملەردۇر (مۇسۇلمانچىلىق دەۋاسىدا)، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر." (سۈرە بەقەرە، 177 - ئايەت)

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئىسلام دىنى بەش نەرسە ئۈستىگە قۇرۇلغان، ئۇ بولسا: بىر ئاللادىن باشقا ھېچ خۇدا يوق، مۇھەممەت ئاللانىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى، دەپ كەلىمە شاھادەت ئېيتىشتىن، پەرز نامازلارنى ئادا قىلىشتىن، زاكات بېرىشتىن، ھەج قىلىشتىن، رامىزان روزىسىنى تۇتۇشتىن ئىبارەت."

بۇلاردا تىلدا ئىقرار قىلىش، دىلدا تەستىقلاش ۋە ئۆز ئەمىلىيىتىدە كۆرسىتىشتىن ئىبارەت ئىماننىڭ 3 چوڭ ئامىلى ئومۇمى جەھەتتىن يىغىنچاقلانغان.

ئىسلام دىنىدا بەلگىلەنگەن بۇ شەرتلەر ۋە ئەركانلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بۇرچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇلارنىڭ ھەركىتىنى چەكلەپ تۇرىدۇ ۋە ئەخلاقىنى يېتىشتۈرىدۇ: جاھاندارچىلىقتا ئائىت ئىشلار مەلۇم قائىدە-مىزانلار ئارقىلىق كىشىنىڭ ھەركىتىنى چەكلەپ تۇرىدۇ، ئاللانىڭ يولى بولسا بەش پەرز ئارقىلىق كىشىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى تىزگىنلەيدۇ. شاھادەت ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىشتىن ئىبارەت بەش پەرز ھەممىدىن ئاساسلىق بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنىڭ بۇرچىدۇر. شاھادەت ئېيتىش دىلنىڭ بۇرچى، ناماز ئوقۇش بەدەننىڭ بۇرچى، روزا تۇتۇش نەپسىنىڭ بۇرچى، زاكات بېرىش بايلىقنىڭ بۇرچى، ھەج قىلىش جاننىڭ بۇرچىدۇر.

ئاللاتائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان كېرىم ۋە ھەدىس شېرىپتىكى قاتتىق بەلگىلىمىلەرنى تەقۋادارلىق بىلەن قوبۇل قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

### 1. شاھادەت

شاھادەت ئېيتىش دېگەندە، "بىر ئاللادىن باشقا ھېچ خۇدا يوق، مۇھەممەت ئاللانىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى" دەپ كەلىمە شاھادەت ئېيتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. خۇدانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش ئېتىقاتنىڭ يادروسى، ئىسلام دىنىنىڭ ئۇل تېشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئىسلام دىنى ئالدى بىلەن

uyghurkitap.com

ئىمان ئېيتىشنى، يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئېتىقادىنى ئىپادىلەپ، پۈتكۈل ئالەمدىكى نەرسىلەرنى ياراتقان، ھەممىگە قادىر، ھەممىنى بىلىدىغان، مۇكاپاتلاشتىمۇ، جازالاشتىمۇ تەلەپچان ئاللانى ئۆز قەلبىدە مەڭگۈ ياد ئېتىپ تۇرۇشىنى؛ كەلىمە شاھادەت ئېيتىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۇنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىگىچە سىڭدۈرۈپ، مۇستەھكەم ئېتىقات ئۇلىنى سېلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. دېمەك، بۇنداق بولغاندا روھىي جەھەتتە يولەنچۈككە، ئارزۇ-تىلەك جەھەتتە نىشانغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. مۇسۇلمانلار كەلىمە شاھادەتنى ئېسىدە مەھكەم ساقلاپ، مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالماسلىقى لازىم، شۇ چاغدىلا مۇسۇلمانلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئەقەللىي شەرتنى ھازىرلىغان بولىدۇ. شۇ سەۋەپتىن، شاھادەت ئېيتىش ئېتىقاتنىڭ ئاساسى، ھىدايەت تېپىشنىڭ ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچى ھېساپلىنىدۇ. ئاللاتائالا مۇنداق دېگەن: "سىلەر مېنى ياد قىلىڭلار، مەنمۇ سىلەرنى ياد قىلىمەن." (سۈرە بەقەرە، 152 - ئايەت) ئاللاتائالا يەنە مۇنداق دېگەن: "سىلەر ئاللانى كۆپ ياد قىلىڭلار، شۇنىڭ بىلەن مۇرادىڭلارغا يېتىسىلەر." (8 - سۈرە، 45 - ئايەت)

## 2. ناماز

ناماز مۇسۇلمانلار ئاللاتائالاغا سەجدە قىلىپ ئۆزىنى تەربىيىلەيدىغان بىر تۈرلۈك ئەمەلدۇر. بۇ ئەمەل بىلەن بىز يامان نىيەتلەردىن يېنىپ، ئۆزىمىزنى پاك تۇتالايمىز، ئاللادىن دىلىمىزنى پاك قىلىپ، ھەمراھلىرىمىز بىلەن يۈرۈش-تۇرۇشىمىزنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تىلەيمىز.

بىرىنچىدىن، بىز ناماز ئوقۇش ئارقىلىق ئاللانىڭ بىزنى ياراتقانلىقى، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەنلىكى، بىزگە مەدەت بەرگەنلىكى ۋە بەخت ئاتا قىلغانلىقىغا ئىلتىپات ۋە مېھىر-شەپقەتلىرىگە، سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇما دېگەندەك، مەنىۋى جەھەتتىن چىنىقىش، ئاللاغا سۈيۈنۈش، ئاللادىن مەدەت تىلەش ۋە يامان نىيەتلەردىن كېچىپ، ياخشىلىققا تەلپۈنۈش يولى بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇش كېرەكلىكىنى ئىدىيە جەھەتتىن ئاڭقىرىۋالىمىز. شۇڭا، ناماز مۇسۇلمانلار بىلەن ئاللاتائالا ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈك ھېساپلىنىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ناماز ئوقۇغۇچىلار نامازدىن ئاۋال يۇيۇنۇپ پاكىز بولۇشى (غۇسلى قىلىش ۋە تاھارەت ئېلىش) شەرت، بۇ جىسمانى جەھەتتىمۇ ئۆزىنى پاكىز تۇتۇش بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. يۇيۇنغاندا، ھەر بىر ئەزانى شەرىئەتتىن چىقمايدىغان، يامان ھەركەتلەردىن ياندىغان، ھەرقايسىسىنى ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولى ۋە بۇرچىنى ئادا قىلىدىغان قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ھەركىتىنى خىيالىغا كەلتۈرۈش ۋە ھېس قىلىش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا، ناماز ئوقۇغۇچى تاشقى جەھەتتە پاسكىنا-پاسىق نەرسىلەردىن، ئىچكى جەھەتتە يامان نىيەت-غەرەزلەردىن خالى بولالايدۇ، ئىچىمۇ، تېشىمۇ ئوخشاش پاكىز بولۇپ، ئۆزىگە ھېچقانداق چاڭ-توزاڭلارنى قوندۇرمايدۇ. خۇددى قۇرئان كېرىمدە ئېيتىلغاندەك: "ناماز ھەقىقەتەنمۇ ئۇياتسىزلىقتىن ۋە يامانلىقتىن توسالايدۇ." (29 - سۈرە، 45 - ئايەت) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ مۇنداق دېگەن: "ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ھەر بىرىڭلارنىڭ ئىشىگى ئالدىدا بىردىن ئۆستەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدا كۈنىگە بەش قېتىم يۇيۇنساڭلار، بەدىنىڭلاردا كىر قالامدۇ؟" ساھابىلەر ئۇنىڭغا جاۋابەن: "كىر دېگەن نىمىدىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ" دېگەن. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام: "بەش ۋاق ناماز ئەنە شۇنىڭغا

ئوخشايدۇ، ئاللا ئۇلار ئارقىلىق گۇنالارنى كەچۈرىدۇ“ دېگەن. نامازنى ئىخلاس بىلەن ئادا قىلىدىغانلار ئاللاتائالا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغ تەلىملىرىنى چوقۇم چوڭقۇر ھىس قىلالايدۇ، بۇنىڭغا پەقەت گەپ سىغمايدۇ، شەك كەلتۈرگىلىمۇ بولمايدۇ.

نامازنىڭ يەنە بەزى شەرتلىرى ۋە رۇكنىلىرى بار. شەرتلەر ناماز ئوقۇشتىن ئىلگىرى ئورۇندىلىدۇ، رۇكنىلەر ناماز ئوقۇش جەريانىدا ئورۇنلىنىدۇ. نامازنىڭ شەرتلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

1. بەدىنىنى پاك قىلىش؛ 2. كىيىملىرىنى پاك قىلىش؛ 3. ناماز ئوقۇيدىغان جاينى نىجاسەتتىن پاك قىلىش؛ 4. نىيەت قىلىش؛ 5. ۋاقتىنى ئوتكۈزۋەتمەسلىك (بەلگىلەنگەن ۋاقتىنى)؛ 6. قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش (نامازنى مەككە مۇكەررەمەدىكى كەئبەگە قاراپ ئوقۇش).

نامازنىڭ رۇكنىلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: 1. قولاق قېقىش (تەكبىر ئېيتىپ نامازنى باشلاش)؛ 2. قىيامدا تۇرۇش؛ 3. قىرائەت قىلىش؛ 4. رۇكۇئ قىلىش؛ 5. سەجدە قىلىش؛ 6. يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇش.

نامازدا يۇقۇرىدىكىلەرنىڭ بىرىمۇ كەم بولسا بولمايدۇ. بۇ ھەقتىكى بەزى تەپسىلاتلار ئۈستىدە بۇ يەردە توختالمايمىز.

## 3. روزا

ئىسلام دىنىدا ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا (ھىجىرىيە 9 - ئاي) بىر ئاي روزا تۇتۇش بەلگىلەنگەن. بۇنداق مەجبۇرىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان مۇسۇلمان ھەر قېتىمقى رامىزان ئېيىدا كۈندۈزى يېمەك - ئىچمەك ۋە جىنسى ئالاقىنى تەرك ئېتىشى كېرەك (سۈبھى يورۇغاندىن تارتىپ كۈن پاتقانغا قەدەر). بۇنداق بەلگىلىنىشتە كىشىلەرنى ئاچلىقنىڭ ئازاۋىنى بىۋاستە بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئاچ - يالىڭاچ بىچارىلەرگە ھېسداشلىق قىلىدىغان، ئىچ ئاغرىتىدىغان، ھەرقانداق چاغدا سەۋرى - تاقەت قىلالايدىغان قىلىش كوزدە تۇتۇلىدۇ.

ئاللاتائالا مۇنداق دېگەن: “ئى مومىنلەر! روزا سىلەردىن ئىلگىرى ئوتكەنلەرگە پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ پەرز قىلىندى، سىلەر پەرھىزكار بولۇڭلار.“ (سۈرە بەقەرە، 183 - ئايەت) يۇقۇرىدا بەش پەرزنىڭ قاراتمىلىغى بارلىغى تىلغا ئېلىپ ئوتۇلدى، روزىنىڭ ئوبيېكتى نەپس، نەپس ئارزۇ - ھەۋەس دېمەكتۇر. روزا تۇتۇش كىشىلەرنى ئۆز نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتمەي، ئۆز ھەركىتىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش، يامان غەرەز - غەيرى نىيەتلەردىن خالى بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. شۇ سەۋەپتىن، روزا تۇتقۇچىلار يالغۇز يېمەسلىك ۋە ئىچمەسلىك دېگەن تار دائىرە بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، بەلكى يەنە ئاڭلاش، كورۇش، ھەركەت قىلىش ۋە پىكىر قىلىش جەھەتلىرىدىمۇ ئوزلىرىگە چەك قويۇپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، يالغان - ياۋىداق گەپلەرگە قۇلاق سالماسلىق، يامان ئىشلارغا كوز سالماسلىق، يامان ئىشلارنى قىلماسلىق، شۇنىڭدەك بولمىغۇر خىياللاردا بولماسلىق. مانا بۇ - روزىنىڭ كەڭ مەنىسى. كورۇنۇشتە يېمەك - ئىچمەك ۋە خۇسۇسى ھەۋەسلەرنى تەرك ئېتىش، ئاچلىق - ئۇسسۇزلۇققا بەرداشلىق بېرىش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، ئەمىلىيەتتە يامان سوزلەر بىلەن كىشىلەرنىڭ كوڭلىگە ئازار بېرىدىغان، يامان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولسا، بۇ، روزى تۇتۇشنىڭ چىن مەنىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ، روزى تۇتقانلىقنىڭ ئۇنۇمى ۋە ساۋابىنىمۇ كورگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: "كىمكى روزىدار تۇرۇپ يالغان سۆزلەشنى ۋە يالغان سۆز بىلەن ئىش قىلىشنى تەرك ئەتمەيدىكەن، ئۇنىڭ تاماق يىمەي، سۇ ئىچمەي تۇتقان روزىسىغا ئاللا مۇھتاج ئەمەس." ئۇ يەنە مۇنداق دىگەن: "بىر مۇنچە ئادەملەرنىڭ تۇتقان روزىسى بىكارغا كىتىدۇ." "ھەرقانداق مالدىن باج-سېلىق ئېلىنىدۇ، روزى تۇتۇش روھىي جەھەتتىكى باج-سېلىقتۇر."

## 4. زاكات

مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر يىللىق مال-مۈلۈك ۋە كىرىمىنى بىر قېتىم ھىساپلاپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ تۇرمۇشتىن ئاشقان قىسمىنىڭ ئىككى يېرىم پىرسەنتىنى ئايرىپ تاپشۇرۇشى زاكات دىيىلىدۇ. ئاللاتائالا: "سىلەر ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار" (سۈرە بەقەرە، 43-ئايەت) دىگەن. قۇرئان كەرىمنىڭ بىرقانچە يېرىدە بىزگە ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار دەپ بۇيرۇق قىلىنغان ھەمدە ئۇ ئىككىسى تەڭ ئورۇنغا قويۇلغان، بۇ ھال ئۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ چىڭ ئىكەنلىكى، بىرى كەم بولۇپ قالسا بولمايدىغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

زاكاتنىڭ مەلۇم نىسبىتى بولىدۇ. مەسىلەن، مال-مۈلكى بىر تىزىققا توشقۇچىلار مال-مۈلكىنىڭ قىرقتىن بىرىنى زاكات بېرىشى كېرەك. مال-مۈلۈك دىگەندە تىجارەتكە ئىشلىتىلىدىغان ئالتۇن-كۈمۈش پۇللار (تۇرار جاي، كىيىم-كېچەك، يىمەكلىكلەر، لازىمەتلىكلەر، تېرىلغۇ ئۇلاقلىرى، ئۈنچە-مەرۋايىت ۋە قىممەت باھالىق زىننەت بۇيۇملىرىغا ئوخشاش نەرسىلەردىن باشقىلار) كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مال-مۈلكى بىر تىزىققا توشقۇچىلار دىيىلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئەرەپلەردە ئەسلىدە ئالتۇن-كۈمۈشتىن قۇيۇلغان پۇللار ئىشلىتىلەتتى، شۇڭا، ئالتۇن پۇلنىڭ 20 سى بىر ئۆلچەم قىلىناتتى، ئۇنىڭ ھەر بىرى بىر مىسقال ئېغىرلىقتا ئىدى، كۈمۈش پۇلنىڭ 200 ى بىر ئۆلچەم قىلىناتتى، ھەر بىرى 7 فۇڭ ئېغىرلىقتا ئىدى. بىر ئادەمنىڭ 2 سەر ئالتۇنى بولسا بىر تىزىققا توشقان ھىساپلىناتتى، 14 سەر كۈمۈشى بولسا بىر تىزىققا توشقان ھىساپلىناتتى، مال-مۈلكى بىر تىزىققا توشمىغانلاردىن زاكات ئېلىنمايتتى. بۇ، ھەر 2 سەر ئالتۇندىن 5 فۇڭ، ھەر 14 سەر كۈمۈشتىن 3 مىسقال 5 فۇڭ زاكات ئېلىنىدۇ دىگەن سۆز. ئۇلاردىن باشقا يەنە ئۆي ھايۋانلىرى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە كان بايلىقلىرى ئۈستىدە باشقا بەلگىلىمىلەر بار، بۇ يەردە ئۇلار توغرىلىق توختالمايمىز.

زاكات بېرىشتىن ئىبارەت مەجبۇرىيەتنىڭ مەنىسى شۇكى، ئاللاتائالا بىزنىڭ مال-مۈلۈكىنى بېسىپ قويماسلىقىمىزنى، ئاچكۆزلۈك قىلماسلىقىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ؛ چۈنكى ئاللاتائالا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ راھەت-پاراغەتتە، كەيپى-ساپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈپ، يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئاچ-يالىڭاچ قېلىشىنى خالىمايدۇ. شۇ سەۋەپتىن، ئۇ مۇسۇلمانلارغا جەمىيەتكە پۇل ئىئانە قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىش توغرىسىدا تەلىم بېرىدۇ. ئەلۋەتتە، زاكات بەرگۈچىلەر ھەم ئۆزلىرىنىڭ بايلىق جەھەتتىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغان بولىدۇ، ھەم ئاللاتائالا ۋەدە قىلغان ساۋاپقا ئىگە بولالايدۇ. ئاللاتائالا مۇنداق دىگەن: "سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئىمان كەلتۈرگەن ۋە سەدىقە بەرگەن كىشىلەر كۆپ ساۋاپقا ئىگە بولىدۇ." (57-سۈرە، 7-ئايەت)

ئىسلام دىنىدا كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ماددى بايلىقىدىن زاكات بېرىشىنى تەشەببۇس قىلىش ۋە ئۇلارنى زاكات بېرىشكە ئىلھاملاندۇرۇشتا، بايلارنىڭ تېخىمۇ بېيىپ كېتىشىنى توسۇپ، كەمبەغەللەرگە ياردەم بېرىش، جەمئىيەتنى ئەمىن تاپقۇزۇش، شۇنىڭدەك بايلار بىلەن كەمبەغەللەرنىڭ پەرقىنى كىچىكلىتىش مەقسەت قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىلىم، ئەقىل-پاراسەت ۋە ھۈنەر قاتارلىقلارنىڭمۇ بىر قىسمىنى ھەقسىز يوسۇندا ئىنسانلار جەمئىيىتىگە تەقدىم قىلىپ، ھەممەيلەننى ئۇنىڭدىن ئورتاق بەھرىمەن قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ، بۇ، مەنىۋى بايلىقتىن بېرىلىدىغان زاكاتتۇر.

## 5. ھەج

ئىسلام دىنىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: تېنى سالامەت، يول راسخودىغا قادىر بولغان مۇسۇلمانلارغا، يول بىخەتەر بولۇش شەرتى ئاستىدا، پۈتۈن ئۆمرىدە بىر قېتىم مەككە مۇكەررەمەگە بېرىپ ھەج قىلىش پەرزدۇر. ئاللاتائالا مۇنداق دېگەن: "كەئبەگە بېرىش ئىمكانىيىتى بار كىشىلەرنىڭ ھەرقاندىغىنىڭ ئاللا يولىدا كەئبەنى تاۋاپ قىلىش مەجبۇرىيىتى بار." (3-سۈرە، 97-ئايەت)

ھەج قىلىشنىڭ نىشانى ۋە ئۇلۇغ ئەھمىيىتى پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلۇغ ئاللانىڭ كورستىشى بىلەن، ھەج قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، بىر يەرگە جەم بولۇپ، خاسىيەتلىك كۈننى بىرلىكتە خوشال ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت. ئۇلار رەڭگى، مىللىتى ۋە سىنىپىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، باي-كەمبەغەل دەپ ئايرىماي، ئۆزئارا چۈشەنچ ھاسىل قىلىپ، بىر بىرىگە ئىلھام بېرىپ، بىر نىيەتتە بولۇپ، دىنىي جەھەتتىلا تەربىيە ئالىدۇ.

خۇسۇسەن، ھاجىلار مەككىگە بېرىش سەپىرىدە، تاغ-دەريالارنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئۇزاق يوللارنى ماڭىدۇ. ئۇلار بۇ جەرياندا قەدىمىي ئىسلام يادىكارلىقلىرىنى سەيلە قىلىپ، قەدىمقى ئەۋلىيا-ئەنبىيالارنى ياد ئېتىدۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە ئاللاتائالاغا يېقىنلىشىشنىڭ بىر يولى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ھەج قىلىشنىڭ يەنە نۇرغۇن بەلگىلىمىلىرى بار، مەسىلەن، ئېھرام باغلاش، ئەرەپات تېغىدا تۇرۇش، كەئبەنى تاۋاپ قىلىش، سافا تېغى بىلەن مەرۋە تېغىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈگۈرۈش، تاش ئېتىش، قۇربانلىق قىلىش، ھەجرىلئەسۋەدنى سۆيۈش، ۋاھاكازا. فىقھەدە بەلگىلەنگەن قائىدىلەر ئۈستىدە مەخسۇس ماقالىلار ئېلان قىلىنغانلىقتىن، بۇ يەردە ئارتۇقچە توختالمايمىز.

---

(بېشى 64-بەتتە)

لاردا، ئاپتونوم رايونلۇق، شەھەرلىك ھەر دەرىجىلىك ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى مەسچىتلەرگە بېرىپ مۇسۇلمانلارنى ھېيتلىدى؛ خەلق ھوكۇمىتى يەنە روزاھېيت ۋە قۇربان ھېيتتا ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان ھەرقايسى مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنى بىركۈن قويۇپ بېرىشنى قارار قىلدى. شۇنداق بولغاچقا، كەڭ مۇسۇلمانلار ۋە دىنىي ساھەدىكى زاتلار چوقۇم ۋەتەننى، دىننى سۆيۈپ، ئىنتىزام ۋە قانۇنلارغا رايە قىلىپ، ئىچ-ئىتتىپاق بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى قوغداپ، بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى گۈللەندۇرىمىز دېيىشتى. (مۇ يىلەن)

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ تارىخىي توھپىسى

——1979-يىل 8-ئايدا، ئالجىرىيەدە چاقىرىلغان 13-نۆۋەتلىك ئىسلام ئىدىيىسى مۇھاكىمە يىغىنىغا تەكلىپ بويىچە قاتناشقاندا ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماقالا

**بەي شۇيى**

قېرىنداشلار، دوستلار:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

بىز ئەرەپ خەلقى، ئافرىقا خەلقى، ئالجىرىيە خەلقى ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىمىز بىلەن، ئالجىرىيە دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ سەمىمى تەكلىۋىگە بىنائەن، بۇ يەرگە كېلىپ 13-نۆۋەتلىك ئىسلام ئىدىيىسى مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشماقتىمىز. بۇ بىزنىڭ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئالجىرىيە خەلقى، ئافرىقا خەلقى، ئەرەپ خەلقى ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا بولغان دوستلۇق مۇھەببىتىنى ئىپادىلەپ بېرىشىمىز ئۈچۈنلا ئوبدان پۇرسەت بولۇپ قالماي، ھەرقايسى دوست ئەللەرنىڭ مۇسۇلمان ئالىملىرىدىن ۋە ئىسلام دىنىنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىسلەردىن ئۆگىنىشىمىز ئۈچۈنمۇ تازا ئوبدان پۇرسەت بولدى. ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىش، مۇسۇلمان ئالىملار بىلەن دوستانە ئالاقە ئورنىتىش، ئىسلام ئىدىيىسى ئۈستىدىكى ئىلمىي تەتقىقات ۋە مۇھاكىمىنى شۇنىڭدەك كەڭ كۆلەمدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشمۇ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئارزۇسى. بىز مۇشۇنداق مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئوڭۇشلۇق چۈشىنىش ۋە دوستلۇقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن توھپە قوشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگوغا كىرگىنىگە 1 مىڭ 300 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت بولدى، جۇڭگودا مۇسۇلمانلارنىڭ سانىمۇ كۆپىيىپ 10 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى. كۆپ مىللەتلىك جۇڭگودا 10 قېرىنداش مىللەت ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدۇ. ئۇلار جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئەمگەك قىلىپ، بىرلىكتە ياشاپ، بىرلىكتە كۈرەش قىلىپ ۋە بىرلىكتە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، ۋەتەنگە ئۆز توھپىسىنى قوشتى، ئېلىمىزنىڭ ئەرەپ ئەللىرى ۋە ئىسلام مەملىكەتلىرى خەلقى ھەم مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆز تىرىشچانلىقلىرىنى كۆرسەتتى. مېنىڭ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ تارىخىي توھپىسى» توغرىسىدا توۋەندىكىدەك سۆز قىلىشىمغا ئىجازەت بېرىشىڭلارنى سورايمەن:

## 1

ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسچىسى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام: "ئىلىم يىراق جۇڭگودا بولسىمۇ بېرىپ ئۆگىنىڭلار" دېگەن ئىدى. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋارىسلىرى ئۇنىڭ بۇ كۆرسەتمە-

سىگە ئەمەل قىلىپ، دىپلوماتىيە ۋەكىللىرىنى جۇڭگوغا ئەۋەتتى. مىلادى 651 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى يەنى ھىجرىيە 31 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى 3 ـ خەلىپە ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تۇنجى ئەلچىسى جۇڭگونىڭ ئەينى چاغدىكى پايتەختى چاڭئەنگە يېتىپ كېلىپ، تاڭ سۇلالىسى پادىشاسى بىلەن كورۇشۇپ، جۇڭگو ـ ئەرەب دولەتلىرى ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق رىشتىسىنى باغلىغان ئىدى. 7 ـ ئەسىردىن باشلاپ، ئەرەب مۇسۇلمانلىرى رىۋايەتلەردىكى دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق قاتناش يوللىرى بىلەن جۇڭگوغا كېلىپ، ئاساسەن سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانىدى. دېڭىز يولى پېرسىيە قولتۇغى، مانار قولتۇغى ۋە بېنگال قولتۇغىدىن ئوتۇپ، ماروزا بوغىزى ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ جەنۇبىي دېڭىزىغا، جەنۇبىي دېڭىزدىن گۇاڭجۇ، چۈەنجۇ، خاڭجو، ياڭجۇ ۋە چاڭئەنلەرگە بارغىلى بولىدىغان يول ئىدى، قۇرۇقلۇق يولى پېرسىيە ۋە ئافغانىستان ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى تىيانشان تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى جايلارغا كېلىپ، ئۇ يەردىن يەنە چاڭئەنگە كەلگىلى بولىدىغان يول ئىدى. شۇ چاغلاردا جۇڭگوغا كەلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ بەزىلىرى جۇڭگودا ئولتۇراقلىشىپ قالدى، بەزى جۇڭگولۇقلارمۇ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ بىلەن، ئىسلام دىنى جۇڭگودا پەيدىن ـ پەي تارقىلىشقا ۋە راۋاجلىنىشقا باشلىدى. 1 مىڭ 300 يىلدىن كۆپرەك ئۇزاق جەرياندا، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى نۇرغۇن جەھەتلەردە ئوزلىرىنىڭ توھپىسىنى قوشتى. ئۇلارنىڭ ئىلىمگە ئىنتىلىدىغان روھى ۋە ئىلىم جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئالدى بىلەن بايان قىلىپ ئوتۇش زورۇر.

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى چەتئەل مۇسۇلمانلىرىنىڭ بىلىملىرىنى، خۇسۇسەن تىبابەتچىلىك ۋە دورىگەرلىك، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە ۋە يىلنامىگە دائىر بىلىملىرىنى تەتقىق قىلدى ۋە تونۇشتۇردى. ئۇلار تونۇشتۇرغان دورا، رېتسىپلارنىڭ ۋە بۇ دورىلارنىڭ ئۇنۇمى ۋە رولى توغرىسىدىكى خاتىرىلەرنىڭ تىبابەتچىلىك ۋە دورىگەرلىككە ئائىت ئەسەرلەردە خېلىلا سانىنى ئىگەللىگەنلىگىنى كورگىلى بولىدۇ. 12 ـ ئەسىرلەردە كىتاپ بولۇپ چىققان «جۇڭگو مىللىي دورىلىرىنىڭ تۇرلىرى»دە ۋە 16 ـ ئەسىرلەردە كىتاپ بولۇپ چىققان «ئاساسلىق دورىلار تەپسىلاتى»دا ئۇ ھەقتە نۇرغۇن خاتىرىلەر بار. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئەرەپلەر ۋە ئىرانلىقلارنىڭ ئاسترونومىيىگە دائىر بىلىملىرىدىن پايدىلىنىپ ئاسمان ھادىسىلىرىنى كۈزەتتى. 13 ـ ئەسىردە، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، ئاسمان ھادىسىلىرىنى كۈزىتىش ۋە تەتقىق قىلىش، يىلنامە تۈزۈش ۋەزىپىلىرىنى ئوتەيدىغان، «مۇسۇلمانلار ئاسترونومىيە مەھكىمىسى» دەيدىغان مەخسۇس ئورگان تەسىس قىلىنغان. 1267 ـ يىلى مۇسۇلمان ئاسترونوم جامالىددىن ئاسمان گۆلۇبۇسى، گۆلۇبۇسقا ئوخشاش 7 خىل ئاسترونومىيە ئەسۋاۋىنى ئىجات قىلغان، كېيىن مۇسۇلمانلار يەنە «جۇڭگوچە يىلنامە»نى تۈزۈپ چىققان. 13 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ھىجرىيە جۇڭگودا يىلنامە تۈزۈپ چىقىشتا مۇھىم ئاساس قىلىنغان ھەمدە ئېلىمىزدە 400 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت داۋام قىلغان. 1382 ـ يىلى ماشايىخ بۇيرۇق بويىچە تەرجىمە قىلغان يىلنامە، مېردان ـ پاراللىل ۋە ئاسترونومىيىگە ئائىت بىرقانچە كىتاپ مىڭ خاندانلىقىنىڭ تازا ئەھمىيەت بېرىشىگە سازاۋەر بولغان. ماتېماتىكا ـ ئاسترونومىيىنىڭ ئاساسى، ھىجرىيە بويىچە يىل ھىساپلاش ئۇسۇلى جۇڭگودا تارقالغاندا، ئەرەپلەرنىڭ ماتېماتىكىغا ئائىت قەدىمىي كىتاپلىرىمۇ ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگودا تارقالغان ئىدى. بۇ ھەقتە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «مىرزىخانا تەزكىرىسى»دە يازما خاتىرىلەر بار. جۇڭگو

مۇسۇلمانلىرى ئىچىدىن ئاسترونومىيە ۋە ماتېماتىكا ساھەسىدىكى ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ بار ۋە مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە كۆپلەپ چىقىشى ئەرەپ ماتېماتىكا بىلىملىرىنىڭ جۇڭگودا تارقالغانلىغى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى قۇرۇلۇش ساھەسىدىمۇ ئۆزلىرىنىڭ كارامەت تالانتىنى نامايەن قىلدى. ئۇلار دىنىي مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈشكە ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، ھەممىدىن ئاۋال چاڭئەن، گۇاڭجۇ، چۈەنجۇ ۋە خاڭجۇ قاتارلىق رايونلاردا مەسچىتلەرنى سالدى. 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەلائۇددىن تەرىپىدىن خاڭجۇدا سالدۇرۇلغان مەسچىت ئەينى چاغدا جۇڭگوغا كەلگەن ئەرەپ ساياھەتچىسى ئىبنى بەتۇتەنىڭ مەدھىيىلىشىگە ئېرىشكەن، بۇ مەسچىت بىرقانچە قېتىم رېمونت قىلىنىش ئارقىلىق ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلدى. ئىختىيارىدىن ئۇلۇغ بىناكارلىق ئۇستىسى بولۇپ، ئۇ يۈەن سۇلالىسى جىزيۈەننىڭ 3 ـ يىلى بۈيرۇق بويىچە يۈەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختىدىكى خان سارىيىنى سېلىشنى پىلانلىغان، ئېلىمىزنىڭ پايتەختى بېيجىڭدىكى ھازىرقى خان سارىيى ئاشۇ قۇرۇلۇشلار ئاساسىدا سېلىنغان.

جۇڭگودىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ۋە قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشكە ماھىر. ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مۇزىكا ـ ئۇسۇللىرى، خۇيزۇ، دۇڭشياڭ ۋە سالا قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ”خۇائېر“ ناخشىسى جۇڭگو مەدەنىيىتىدىكى كۆركەم گۈللەردۇر. 11 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرى مۇسۇلمان يۈسۈپ خاس ھاجىپ يېزىپ چىققان 13 مىڭ 290 مىسرالىق داستان «قۇتادغۇبىلىك» ۋە ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئۇزاقتىن بېرى تارقىلىپ كېلىۋاتقان، 340 مۇزىكىلىق ناخشىدىن تەركىب تاپقان «12 مۇقام» جۇڭگو ئەدەبىياتىدىكى كاتتا ئەسەرلەردۇر. تارىخىي داستان «ماناس» قىرغىزلارنىڭ ئىسىل خەلق ئەدەبىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەردۇر. 13 ـ ۋە 14 ـ ئەسىرلەردە ياشىغان گاۋ كېگۇڭ (؟ـــ1310) تاغ ـ دەريا، گۈل ـ گىياھلارنى سىزىشقا ئۇستا، داڭلىق رەسساملارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۆزگىچە يېڭى ئۇسلۇپ يارىتىشقا ماھىر رەسسام بولۇپ، ئۇ سىزغان بامبۇك رەسىملىرى شۇ دەۋرنىڭ نەپىس ئەسەرلىرى ئىدى. سەئدۇللا (تەخمىنەن 1300ـــ1360) نىڭ يازغان شېئىرلىرى ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن داڭ چىقارغان ۋە كەڭ تارقىلىپ، ئېغىزلاردا ئوقۇلۇپ يۈرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، شەمسىددىن (1278ـــ1351) توشقان ئالىم بولۇش سۈپىتى بىلەن، كۆپ ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان، ئۇ ئەدەبىيات، پەلسەپە، تارىخ، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە ۋە سۇ ئىنشائاتى قاتارلىقلارغا ئائىت بىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى بىرلىپ ئۆگەنگەن. 15 ـ ئەسىردىن كېيىن جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئىچىدىن شائىر، ئەدىب ۋە رەسساملار ئارقا ـ ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقتى. مۇسۇلمان رەسسام گەي چى (1774ـــ1829) شەخسلەرنى سىزىشقا، بولۇپمۇ لەنخۇا گۈل ۋە بامبۇكلارنى سىزىشقا ئۇستا رەسسام ئىدى. بەدرىددىن، مەي لۈي، دىڭ خېنيەن، جىن داچې، جىن دايۈي، شەن جىدى، ما شىجۇن ۋە سەي يۈي قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرقەدەر مەشھۇر كىشىلەردۇر. بۇ يەردە 16 ـ ئەسىرلەردە ياشىغان ئالىم لى جژ (1527ـــ1602) ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. ئۇ نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان مۇتەپەككۇر، تارىخشۇناس ۋە ئەدەبىي ئوبزورچى. ئۇ ئەينى ۋاقىتلاردا ئەمەل قىلىنىپ كېلىۋاتقان بەزى فېئوداللىق ئىدىيە ۋە فېئوداللىق ئىجتىمائىي تەرتىپلەرنى يۈرەكلىك ھالدا

تەنقت قلىپ، ئۇلارنىڭ جەمىيەت تەرەققىياتىغا بولغان زىيىنىنى پاش قىلغان. ئۇنىڭ ئىلىم جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى جۇڭگودا ئىزچىل تۇردە ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئېتىۋار بېرىشىگە ئېرىشىپ كەلمەكتە. ئازاتلىقتىن كېيىن، ئۇنىڭ «ساڭشۇ»، «ساڭشۇنىڭ داۋامى»، «فېنشۇ» ۋە «فېنشۇنىڭ داۋامى» دىگەنگە ئوخشاش ۋەكىللىك خاراكتىرىغا ئىگە ئەسەرلىرىنىڭ يېڭى نۇسخىسى نەشر قىلىندى.

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىلمىگە بولغان ئىشتىياقى كۈچلۈك. ئۇلار باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ماھىرلىق بىلەن ئۆگىنىپ ھەمدە ئۈزلۈكسىز تۇردە يېڭى تۆھپىلەرنى يارىتىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيىتىنى بېيىتقان.

## 2

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئىسلام ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشتە ئەزەلدىنلا ئېغىز ئارقىلىق ئۆگىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ كەلدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، شەنشى ئۆلكىسىدىكى مەسچىتلەردە مەدرىس تەربىيىسى تۈزۈمى ئورنىتىلغان بولۇپ، مەسچىتلەرگە مەلۇم ساندا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، ئاخۇنلار ئۇلارغا دىنىي كىتاپلاردىن دەرس بەرگەن. ئۇلار قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپنى، «فىقھە» ۋە «ئىسلام پەلسەپىسى» قاتارلىقلارنى ئۆگەنگەن. بۇ كىتاپلارنى ئۆگىنىشتە ئەرەپ يېزىغى بىلەن پارس يېزىغى ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشكە تېگىشلىك دەرسلىكى قىلىنغان. بۇنداق تۈزۈم شەنشى ئۆلكىسىدىن پەيدىن ـ پەي ھالدا مەملىكەت بويىچە مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا كېڭەيگەن. 17 ـ ئەسىردىن باشلاپ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى بىرتەرەپتىن دىنىي ئەسەرلەرنى جۇڭگو كىلاسسىك ئەسەرلىرىنىڭ يېزىلىش شەكلى بىلەن يېزىشقا باشلىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەرەپ، پارس يېزىغىدىكى ئىسلام دىنىغا دائىر كىتاپلار ۋە بايان خاراكتىرلىق كىتاپلارنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشقا باشلىغان. بەزى ئاتاقلىق ئىسلام ئالىملىرى بۇ جەھەتتە كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى قوشقان.

ۋاڭ دەييۈي (تەخمىنەن 1560 ـــ 1660 ـ يىللار ئارىلىغىدا) تۇنجى قېتىم خەنزۇچە يېزىقتا دىنىي ئەسەر يازغان ئادەم بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئۇ يازغان «ھەقىقەت ئىزلىگۈچىلەرگە بېرىلگەن توغرا جاۋاپلار» ئىسلام ئىدىيىسىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەر سۆزلىنىدىغان كىتاپ بولۇپ، ئۇنىڭدا شۇ چاغدىكى كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنى ئۈستىدىكى سوئاللىرىغا تەھلىل قىلىش ئاساسىدا جاۋاپ بېرىلگەن. بۇ كىتاپ ھەر خىل نۇسخىدا نەشر قىلىنىپ، بىرقەدەر كەڭ تارقالغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ۋاڭ دەييۈينىڭ يەنە «ئىسلام ھەقىقىتى»، «ئىسلام قانۇنلىرى» دىگەنگە ئوخشاش ئىسلام پەلسەپىسى ۋە فىقھە سۆزلىنىدىغان كىتاپلىرى بار.

ۋاڭ دەييۈيدىن كېيىن، يۇسۇپ. ماجۇ (1640 ـــ 1711؟) مىلادى 1682 ـ يىلى 10 جىلدلىق «ئىسلام قوللانمىسى»نى يېزىپ چىققان. ليۇجې (تەخمىنەن 1655 ـــ 1745 ـ يىللار ئارىلىغىدا) 6 جىلدلىق «ئىسلام ھەقىقەتلىرى»، 20 جىلدلىق «ئىسلام دىنىنىڭ ئەھكاملىرى» ۋە 20 جىلدلىق «مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى» دىگەنگە ئوخشاش كىتاپلارنى يېزىپ چىققان، ئۇنىڭ بۇ كىتاپلىرى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن كەڭ تارقالغان. ليۇجې ـ ئىلگىر ـ ئاخىر بولۇپ ناھايىتى كۆپ كىتاپلارنى تەرجىمە قىلغان تەرجىمان ھەم يازغۇچى.

www.uyghurkitap.com

ما دېشىن (1794 — 1874) — بىر بىلىملىك يازغۇچى ۋە ئۆلىما. ئۇ بىر تەرەپتىن مەدرىسە تالىپلارغا دەرس ئۆتكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن تەرجىمانلىق ۋە يېزىقچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ «ئىسلام دىنىنىڭ تۆت مۇھىم پىرىنسىپى»، «ھاياتلىقنىڭ مەقسىدى»، «ئىسلام دىنى ئەھكاملىرى» دېگەنگە ئوخشاش كىتاپلارنى تۈزگەن ۋە تەرجىمە قىلغان. ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرى ھەر تەرەپلىمە مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇنىڭ نەشر قىلىپ تارقىتىلغان 30 نەچچە خىل ئەسىرى ئىچىدە ئىسلام ئەقىدىلىرى ۋە فىقھەگە ئائىتلىرىمۇ، ئاسترونومىيە ۋە جۇغراپىيىگە ئائىتلىرىمۇ، شۇنىڭدەك ئەرەپ تىلى گىراماتىكىسى ۋە ئىستىلىستىكىسىغا ئائىتلىرىمۇ بار؛ ئۆزى يالغۇز يازغانلىرىمۇ، باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ يازغانلىرىمۇ، شۇنىڭدەك ۋاڭ دەيۈي قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئەسەرلىرى ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ تۈزگەنلىرىمۇ بار؛ خەنزۇچە يېزىقتا يېزىلغانلىرىمۇ، ئەرەپ ۋە پارس يېزىقىدا يېزىلغانلىرىمۇ، شۇنىڭدەك ئىككى خىل يېزىقتا يېزىلغانلىرىمۇ بار. بۇ ئالىم تېخى قۇرئان كەرىمنىمۇ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان، بىراق قۇرئان كەرىمدىن 5 جىلد چىقىرىپلا قازا تاپقان.

يۇقۇرىدىكى تۇتەيلەن چىڭ سۇلالىسى زامانىسىدىكى ھەممىدىن مەشھۇر 4 چوڭ ئىسلام يازغۇچىلىرىدۇر. ئۇلاردىن باشقا، يەنە جاڭ جۇنشى (تەخمىنەن 1567 — 1657 - يىللار)، ۋۇ زۇنچى (1598 — 1698 - يىللار ئارىلىقىدا)لارمۇ بار. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ياشىغان يۇننەن خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ رەھبىرى سۇلايمان. دۇۋېنشيۇ (1828 — 1872) 1862 - يىلى جۇڭگودا تۇنجى قېتىم ئويما باسما بىلەن قۇرئان كەرىمنى نەشر قىلدۇرغان. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ما لىيەنيۈەن (1841 — 1903) خەنزۇچە تەرجىمىسى بىلەن ئەرەپچىسى سېلىشتۇرۇلغان «خەتمە قۇرئان»نى تۈزۈپ چىققان، شۇنىڭدەك يەنە قۇرئان كەرىمنىڭ مەدرىسلەردە ئىشلىتىلىدىغان ئەرەپچە ۋە پارسچە تەرجىمە نۇسخىلىرىنى تۈزۈپ چىققان.

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىسلام ئىدىيىسىنى تەرغىپ قىلىدىغان ئەسەرلىرى ئۇلارنىڭ ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىدىغان ۋە باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ماھىرلىق بىلەن قوبۇل قىلىدىغان ئارتۇقچىلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ ئارتۇقچىلىقى ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگودا تارقىلىشىغا قارىتا ياردەمچىلىك رولىنى ئوينىغان.

## 3

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئىقتىسادىي ۋە سىياسى جەھەتلەردىمۇ تارىخىي خاراكتېرلىق تۆھپىلەرنى ياراتقان. ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق، دۇڭشياڭ، قىرغىز، سالا، تاجىك، ئۆزبېك، تاتار ۋە باۋئەن مىللەتلىرى ماھىرلىق بىلەن باشقا قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، خەنزۇ، موڭغۇل، زاڭزۇ ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنى ياخشىلاپ، ئۆملىشىپ بوز يەر ئېچىپ، سۇ ئىنشائاتلىرى ياساپ، غەربىي شىمالدىكى ھەرقايسى رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە چارۋىچىلىقىنى بىرلىكتە راۋاجلاندۇرغان.

غەربىي شىمالدا ئۇلار شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي تىيانشان تاغلىرىنى، خېشى كارىدورىنى، نىڭشيا، گەنسۇ ۋە شەنشى ئۆلكىلىرىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەن؛ غەربىي

جەنۇپتا، تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، مىلادى 1274 ـ يىلىدىن 1279 ـ يىلىغىچە بولغان 6 يىل ئىچىدىلا، يۈننەن ئۆلكىسىدە 200 مىڭ مو يەر ئاچقان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار يەنە سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى زور كولەمدە ئېلىپ بارغان. شىنجاڭ ئېلىمىزدىكى ئەڭ چوڭ قۇرغاق رايون، كوپ يىللاردىن بۇيان، ھەرمىللەت مۇسۇلمانلىرى باشقا قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ ئىشلەش ئارقىلىق، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە، شىنجاڭنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەرقايسى رايونلاردا نۇرغۇن سۇ قۇرۇلۇشى تورلىرىنى قۇرۇپ چىققان. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى. ئېرىق ـ ئۇستەڭ تەزكىرىسى»دە خاتىرىلىنىشىچە، 944 غول ئۇستەڭ، 3 مىڭ 303 تارماق ئۇستەڭ ياسالغان، سۇغىرىلىدىغان يەرلەر 11 مىليون 190 مىڭ موغا يەتكەن. ئازاتلىقتىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى قەدىمدىن كورۇلۇپ باقمىغان كولەمدە ئېلىپ بېرىلىپ، نەچچە يۈز چوڭ سۇغىرىش سىستېمىسى ۋە نەچچە يۈز ھەر خىل شەكىلدىكى سۇ ئامبارلىرى قۇرۇپ چىقىلدى، قۇدۇق بىلەن سۇغىرىش ئىشى راۋاجلاندۇرۇلدى، كارىز بىلەن سۇغىرىش يوللىرى ئۆزگەرتىپ ياسالدى، بەزى دەريالارنىڭ ۋادىلىرى دەسلەپكى قەدەمدە ئۆزلەشتۈرۈلدى ۋە تىزگىنلەندى. نىڭشىيا رايونىغا كەڭ تارقالغان ئېرىق ـ ئۇستەڭلەرمۇ ئالدى بىلەن خەنزۇلارنىڭ باشلاپ بېرىشى، ئاندىن كېيىن خۇيزۇلارنىڭ ھەمكارلىششى ئارقىسىدا ئۈزلۈكسىز زورىيىپ بۈگۈنكىدەك كولەمگە يەتكەن.

چارۋىچىلىقنى ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى قىلغان قازاق مۇسۇلمانلىرى ئېلىمىزنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى، يۇڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى ۋە خۇرۇمچىلىق سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۆزلىرىنىڭ توھپىسىنى قوشۇپ كەلدى. مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى باشقۇرغان قول سانائەت، سودا، تىرانسپورت ئىشلىرىدىمۇ پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقىدىن ئۆگەندى ھەمدە دائىم ئۇلارنىڭ ھەمكارلىششىغا ئىگە بولدى ۋە ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلدى.

جۇڭگونىڭ سىياسى تارىخىدا نۇرغۇن مەشھۇر مۇسۇلمان شەخسلەر ئوتتۇرىغا چىققان، سەييىد شەمسىددىن (1211 — 1279) ئۇلارنىڭ گەۋدىلىك ۋەكىللىرىدىن بىرىدۇر. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شەنشى ۋە يۈننەن ئۆلكىلىرىدە باش مەمۇرى ئەمەلدار بولۇپ، ھەممىلا يەردە ئېرىقچىلىق قىلىش تۈزۈملىرىنى ئورناتقان، مەكتەپلەرنى ئاچقان، مەسچىتلەرنى ياساتقان، تاغ يوللىرىدا كوۋرۇكلەرنى سالدۇرغان، ئوتەڭلەرنى بەرپا قىلغان، شۇنىڭدەك يۈننەن ئۆلكىسىدە سۇ ئىنشائاتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، يېڭى زىرائەت سورتلىرىنى ئومۇملاشتۇرغان، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى تەشۋىق قىلغان، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى رەتكە سالغان، شۇ يەرنىڭ ئىجتىمائى ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرغان، ئۇنىڭ نەتىجىلىرى كوزگە كورۈنەرلىك، ئۆزى ئادىل ـ دىيانەتلىك بولغاچقا، ئىزچىل تۈردە يۈننەن خەلقىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان. ئۇنىڭ ئوغلى نەسرىددىن (؟ — 1292) بىلەن ھۈسەيىن (؟ — 1310)، يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىپ ئوتۇلگەن رەسسام گاۋ كېگۇڭ ۋە يازغۇچى شەمسىددىنلارمۇ مەشھۇر سىياسەتچىلەر ھېساپلىنىدۇ. ئۇلاردىن كېيىن، يەنە تارىختا "پاك ئەمەلدار" دەپ ئاتالغان، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان خۇيزۇ خەي رۇي (1514 — 1587) مۇ بار. ئۇ نەنجىڭدە ئەمەلدار بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە دېخانلارنى ئاپەتكە قارشى تۇرۇشقا ئۇيۇشتۇرغان، دېخانلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىپ، پومىششىك ـ مۇشتۇمزورلارغا زەربە بەرگەن،

www.uyghurkitap.com

ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق ئۈچۈن بىرمۇنچە ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەر ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى تا ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرمەكتە.

يەنە بىر تەرەپتىن، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى فېودالىزىمغا قارشى كوپ قېتىم كەڭ كولەملىك كۈرەشلەرنى ئېلىپ بارغان. 14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كوتىرىلگەن ئىككى قېتىملىق مەملىكەت خاراكتىرلىق دىخانلار قوزغىلىڭىدا، خۇيزۇ مۇسۇلمانلىرى خەنزۇ خەلقى ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرىنىڭ فېوداللىق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، غەربىي جەنۇپتا، خۇيزۇلارنىڭ قوزغىلىشى، خەنزۇلار ۋە يىزۇ، مياۋزۇ، بەيزۇ قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قاتنىشىشى بىلەن فېوداللىققا قارشى قوزغىلاڭ كوتىرىلگەن. غەربىي شىمالدا ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، خۇيزۇ ۋە ئۇيغۇرلار قوزغىلىپ، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ قاتناشقان فېوداللىققا قارشى قوزغىلاڭ بولۇپ ئوتكەن. بۇ ئىككى قېتىملىق قوزغىلاڭ تەرەققى قىلىپ كەڭ رايونلارغا كېڭەيگەن ھەمدە 10 نەچچە يىل داۋام قىلغان. ئۇ قوزغىلاڭلار ئەمەلىيەتتە ئەينى ۋاقىتتا قوزغالغان تەيپىڭتيەنگو ئىنقىلاۋىنىڭ تارمىقى بولۇپ، ئۇ قوزغىلاڭلارنىڭ كوتىرىلىشىمۇ، مەغلۇپ بولۇشىمۇ تەيپىڭتيەنگو ئىنقىلاۋىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇنىڭ ئىچىدە يۈننەنلىك خۇيزۇ سۇلايمان. دۇۋېنشيۇ رەھبەرلىك قىلغان، خۇيزۇ، خەنزۇ ۋە يىزۇ قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقى جۇملىدىن دىخانلار ۋە كان ئىشچىلىرى قاتناشقان فېوداللىققا قارشى بىرلەشمە قوزغىلاڭ 53 بازار ۋە شەھەرنى ئىگەللەپ، تەيپىڭتيەنگو ئىنقىلاۋىغا كۈچلۈك تۈردە ماسلىشىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھوكۇمرانلىقىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن.

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە، تاجاۋۇزچىلىققا، جاھانگىرلىككە قارشى كۈرەشلەرگە ئېغىشماستىن قاتنىشىپ كەلگەن. 1900 ـ يىلى 8 دولەتنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسى بېيجىڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە، مۇسۇلمان سەركەردە ما فۇلۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تيەنجىن ئەتراپىدا ۋە بېيجىڭ شەھىرىدە دۈشمەنلەرگە قارشى قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپ، ئاخىردا ۋەتەن ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلغان. 1937 ـ يىلدىن 1945 ـ يىلغىچە ئېلىپ بېرىلغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا، ھەرقايسى مىللەت مۇسۇلمانلىرى قوزغىلىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ئالدىنقى سەپكە ئاكتىپ ياردەم بەرگەن. جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ھەرقايسى تايانچ بازىلاردا مۇسۇلمانلارنىڭ تەشكىلى ۋە قورallıق كۈچلىرى قۇرۇلغان. بېيجىڭنىڭ جەنۇپ تەرىپىدە، ما بېنجەي (1901—1944) رەھبەرلىك قىلغان خۇيزۇلار قوشۇنى 5 يىل ئىچىدە دۈشمەنلەر بىلەن 100 نەچچە قېتىم ئۇرۇش قىلىپ، بۇ رايوندىكى دۈشمەنلەرگە ئېغىر دەرىجىدە زەربە بەرگەن. بۇ قوشۇن ”يېمىرىلمەس پولاتتەك قوشۇن“ دىگەن نامغا ئىگە بولغان. ما بېنجەينىڭ ئانىسى بەختكە قارشى دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، دۈشمەنلەر ئۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ئوغلىنى تەسلىم بولۇشقا كوندۇرمەكچى بولغاندا، ئۇ ھەققانىيەت يولىدا مەرتلىك قىلىپ ۋە دۈشمەنلەرنىڭ بارلىق تەھدىتلىرى ۋە ئالداشلىرىغا پىسەنت قىلماي، تىز پۈكمەي قۇربان بولغان. باش قوماندان جۇ دې ئۇلارنى ”خەنزۇ، خۇيزۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۈلگىسى“، ”ئانا ـ بالا قەھرىمانلار“ دەپ تەرىپلىگەن.

يېقىنقى زامان جۇڭگو تارىخىدا تاكى 1949 ـ يىلى جۇڭگونىڭ چوڭ قۇرۇقلۇغى ئازات بولغانغا

قەدەر بولۇپ ئۆتكەن نەچچە قېتىملىق زور ئىنقىلاۋىي ھەركەتلەرنىڭ ھەممىسىگە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى قاتناشقان. 1919 ـ يىلى مۇنەۋۋەر خۇيزۇ ئايال جەڭچى گو لۇڭجېن جۇ ئېنلەي زۇڭلى بىلەن بىرلىكتە تيەنجىندە "ئويغىنىش جەمىيىتى"نى ئۇيۇشتۇرۇپ، مەشھۇر "4 ـ ماي" ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەركىتىگە ئاكتىپ قاتناشقان. ئۇيغۇر مىللىتى ۋە شىنجاڭدىكى باشقا ھەرقايسى مىللەتلەر 1944 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە ئىلى، چۆچەك ۋە ئالتاي رايونلىرىدا ئەخمەتجان قاسىمى (1914 — 1949) باشچىلىقىدىكى ئىنقىلاۋىي ھاكىمىيەتنى ۋە قوراللىق قىسمىنى قۇرۇپ، جاھانگىرلىك ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچىل كۈچلىرىگە مەركەزلىك ھالدا زەربە بېرىپ، پۈتۈن مەملىكەتنى ئازات قىلىش ئۇرۇشىغا ماسلىشىپ، مەملىكەت بويىچە ئىنقىلاپ تېز سۈرئەت بىلەن راۋاجلىنىۋاتقان ۋەزىيەتتە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازات بولۇشىغا تۆرتكە بولغان.

"ۋەتەن سۆيۈش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر". جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش، فېئوداللىق زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش، جاھانگىرلىكنىڭ كېڭەيمىچىلىكى ۋە تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇش شەرەپلىك تارىخىي ئەنئەنىمىز، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى دەپ ھېسابلايدۇ.

## 4

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئاسىيا ـ ئافرىقىدىكى ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرى بىلەن تارىختا چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقان، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە سودا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتلىرىدە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىمۇ، چەتئەل مۇسۇلمانلىرىمۇ پائال توھپىلەرنى قوشقان.

قەدىمقى جۇڭگو بىلەن ئەرەب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش مۇناسىۋىتى ئۈستىدە ماقالىنىڭ بىرىنچى قىسمىدا توختىلىپ ئۆتتۇق: قۇرۇقلۇق يولى ئالەمگە مەشھۇر "يىپەك يولى" ئىدى؛ 7 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە جۇڭگونىڭ دېڭىز بويلىرىدىكى پورتلار ۋە دېڭىز پورتلىرىغا يېقىن جايلار، مەسىلەن، گۇاڭجۇ، چۈەنجۇ، فۇجۇ، مىڭجۇ ۋە ياڭجۇ قاتارلىق جايلار ھەرقايسى ئەللەردىن دېڭىز يولى بىلەن كەلگەن مۇسۇلمانلار ۋە ئاز ساندىكى ئىسلام ئالىملىرى، ساياھەتچىلىرىنى دائىم قوبۇل قىلىپ تۇرغان. سودا ئىشلىرى تازا گۈللەنگەن چاغلاردا، بىر پورتقا نەچچە مىڭ ھەتتا نەچچە 10 مىڭ چەتئەللىك مۇسۇلمان سودىگەرلەر توپلانغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگو سودىگەرلىرى جۈملىدىن جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىمۇ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ۋە ھىندى ئوكيان بويلىرىدىكى ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ سودا ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان. مىلادى 8 ـ، 9 ـ ئەسىرلەردە، باغداتتا مەخسۇس يىپەك ۋە فارفۇر قاچا ـ قۇچىغا ئوخشاش جۇڭگو تاۋارلىرى سېتىلىدىغان "جۇڭگو بازىرى" بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭدەك، جۇڭگونىڭ چاڭئەن، گۇاڭجۇ ۋە ياڭجۇغا ئوخشاش جايلىرىدىمۇ مەخسۇس ئەرەب ۋە پېرسىيە تاۋارلىرى سېتىلىدىغان بازارلار بارلىققا كەلگەن. 14 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئەرەبلەرنىڭ ئۇلۇغ ساياھەتچىسى ئىبنى بەتۇتە ئەرەبلەرنىڭ گۇاڭجۇدىكى ئەھۋالىنى بايان قىلغاندا، گۇاڭجۇنى "دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ شەھەر"، "دۇنيا بويىچە ھەممىدىن ئاۋات بازارلىرى بار شەھەر" دەپ

[illegible] يازغان. ئۇ چۋەنجۇنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، چۋەنـجۇنى "دۇنيانىڭ سودا مەركىزى" دەپ ئاتىغان. ئۇ يەنە، ئەرەپلەر گۇاڭجۇ ۋە چۋەنـجۇلاردىن فار ـ فۇر قاچا ـ قۇچىلار ۋە ياقۇتلارنى ھىندىستان، يەمەنلەرگە توشۇپ ئاپىراتتى، دەپ يازغان. ئۇزۇنغا سوزۇلغان 8 ـ 9 ئەسىر داۋامىدا، چەتئەللەردىن جۇڭگوغا توشۇپ كېلىپ سېتىلغان ماللار خۇشپۇراق ماتېرىياللىرى، دورا ماتېرىيال ـ لىرى، قومۇش شېكىرى، پىل چىشى، ياغاچپاختا، كەركىدان مۈڭگۈزى، مارجان، مەرۋايىت ۋە كەھرىۋالاردىن ئىبارەت بولغان. جۇڭگودىن چەتئەللەرگە توشۇپ سېتىلغان ماللار مەشۇت، كىمخاپ، تەتىللا، شايى ۋە باشقا يىپەك توقۇلما بۇيۇملار، چاي، فار ـ فۇر قاچا ـ قۇچىلار، سىرلانغان ئەسۋاپ ـ جابدۇقلار، ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسالغان ئەسۋاپلار، ئىپار ۋە دورا ماتېرىيال ـ لىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولغان. جۇڭگولۇقلارنىڭ مۇھىم كەشپىياتلىرى جۈملىدىن قەغەز ياساش تېخنىكىسى، كومپاس ۋە مىلتىق دورىسىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەرگە تارقالغان.

ئەرەپ ساياھەتچىلىرى ئىچىدە جۇڭگونى زىيارەت قىلغان ۋە ساياھەت خاتىرىسى يازغانلار ئاز ئەمەس. مىلادى 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سۇلايمان ئىسىملىك بىر ئەرەپ سودىگىرى پېرسىيە قولتۇغىدىن پاراخوت بىلەن شەرققە قاراپ مېڭىپ، ھىندىستان، بېنگال ۋە پاكىستاندىن ئىبارەت ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇق ئارقىلىق كېلىپ جۇڭگونى زىيارەت قىلىپ قايتقاندىن كېيىن، «تارىخلار زەنجىرى» دېگەن تېمىدا ساياھەت خاتىرىسى يېزىشقا كىرىشىپ، ئۇنى مىلادى 851 ـ يىلى پۈتتۈرگەن. ئۇنىڭدىن ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئەبۇزەيد ھەسەن ئىسىملىك يەنە بىر كىشى ئۇنىڭ كىتاۋىنى تولۇقلىغان. بۇ ئەرەپلەر ئۆزلىرىنىڭ كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىگە ئاساسەن جۇڭگو ئەھۋالى ئۈستىدە يېزىپ چىققان ھەممىدىن بۇرۇنقى بىر ساياھەت خاتىرىسىدۇر. 14 ـ ئەسىردە ئەرەپ ساياھەتچىسى ئىبنى بەتۇتە شىمالىي ئافرىقىدىن جۇڭگوغا كەلگەن. جۇڭگودا ئۇ بېيجىڭ، چۋەنجۇ، گۇاڭجۇ قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلىپ، بارغانلىكى يېرى ئۈستىدە خاتىرە قالدۇرغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە جۇڭگودا ئۇرغۇن ئافرىقىلىق مۇسۇلمان سودىگەر ـ لەرنى كۆرگەنلىگى ئۈستىدە توختالغان؛ ئەينى زاماندىكى جۇڭگونىڭ ئىجتىمائى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، تەبىي شارائىتى، ئادەملىرى، سودا ئىشلىرى، ھۈنەر ـ سەنئىتى، تاغ ـ دەريالىرى ۋە جۇغراپىيىۋى ئەھۋالى ئۈستىدە بەزىبىر بايانلارنى يازغان.

بۇ يەردە، "يەتتە قېتىم غەرپكە سەپەر قىلىپ"، دۇنياغا داڭقى كەتكەن جۇڭگونىڭ مۇسۇلمان دېڭىزچىسى جېڭ خې ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. ئۇ يۈننەنلىك خۇيزۇ بولۇپ، ئەسلى پامىلىسى ما، ئۇنىڭ بوۋىسى ۋە دادىسى مەككىگە بېرىپ ھەج قىلغان. مىلادى 1405 ـ يىلى، ئۇ مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇغىغا ئاساسەن، ھەر بىرىنىڭ ئۇزۇنلۇغى 44 جاڭ، كەڭلىگى 18 جاڭ كېلىدىغان 62 كېمە ۋە 27 مىڭ 800 كىشىدىن تەركىپ تاپقان كاتتا ساياھەتچىلەر قوشۇنىنى باشلاپ، ئەرەپ ئەللىرىگە بارغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ يەنە ئىلگىر ـ ئاخىر بولۇپ بىرقانچە قېتىم دېڭىز سەپىرى قىلغان، 1405 ـ يىلدىن 1433 ـ يىلغىچە بولغان 28 يىل ئىچىدە 7 قېتىم دېڭىز سەپىرى قىلىپ، ئاسىيا ـ ئافرىقىدا 35 دۆلەتنى ساياھەت قىلغان. جېڭ خې دېڭىز بىلەن ئافرىقىنىڭ ئېكۋاتورنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان شەرقىي دېڭىز قىرغاقلىرىغا تۆنجى قېتىم بارغان كىشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، ئۇنىڭ دېڭىز سەپىرىگە ياۋروپالىق كولۇمبو ۋە داگاما قاتارلىق كىشىلەرنىڭ دېڭىز

سەپەرىدىن يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ ساياھەتچىلەر قوشۇنى كۆلىمىنىڭ زورلۇقى جەھەتتىلا ئەمەس، كېمىلىرىنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتىمۇ غەرپ دېڭىزچىلىرىنىڭكىدىن 20 ھەسسە ئېشىپ چۈشىدۇ، ئۇنىڭ قىلغان دېڭىز سەپىرى دۇنيا دېڭىزچىلىق ئىشلىرى تارىخىدا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئۇلۇغ ھەركەتتۇر.

جېڭ خېنىڭ ساياھەتچىلەر قوشۇنى نۇرغۇن مۇسۇلمان ئەللىرى ۋە رايونلىرىنى، مەسىلەن، مالايا، ھىندونېزىيە تاقىم ئاراللىرى، ھىندىستان، بېنگال ۋە پاكىستاندىن ئىبارەت ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇق، ئىران، مالدىۋې تاقىم ئاراللىرى، ئەرەپ يېرىم ئارىلىدىكى زۇفەر، ئادېن، جىددە ۋە مەككىلەرنى زىيارەت قىلغان ھەمدە ئومان قولتۇقىدىكى ھورمۇز بوغىزى ئارقىلىق شەرقىي ئافرىقا دېڭىز بويلىرىدىكى بۇراۋا، جۇيوب، مۇقدىشو ۋە مالىن قاتارلىق جايلارغا بارغان. شۇنداقلا، 7-قېتىملىق دېڭىز سەپىرىدە مەككىگە ھەج قىلىشقا ئادەم ئەۋەتكەن. دېمەك، جېڭ خې ئاشۇنداق قىلىشلار ئارقىلىق ئېلىمىز بىلەن ئاسىيا-ئافرىقا ئەللىرى خەلقى ۋە مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ۋە جۇڭگو بىلەن چەتئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. جېڭ خېنىڭ ھەمرالىرى ما خۇەن، فېي شىن ۋە گۇڭ جېنلار ئۆزلىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە ئاساسەن، ئايرىم-ئايرىم ھالدا «دۇنيا ساياھىتىدىن خاتىرىلەر»، «دېڭىز ساياھىتىدىن خاتىرىلەر» ۋە «چەت مەملىكەتلەر تەزكىرىسى» دېگەن كىتابلارنى يازغان. ئۇلارنىڭ بۇ ئەسەرلىرى ئەينى زاماندىكى ئاسىيا-ئافرىقا ئەللىرىنى ۋە جۇڭگو بىلەن ئاسىيا-ئافرىقا ئەللىرىنىڭ دوستانە مۇناسىۋەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ قالدى.

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى بىلەن ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە بېرىش-كېلىشلەر غەرپ مۇستەملىكىچىلىرى ۋە جاھانگىرلىگىنىڭ شەرققە تاجاۋۇز قىلىشى ئارقىسىدا توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن پەقەت ئۈزۈلۈپ قالمىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئاسىيا-ئافرىقىدىكى بىرمۇنچە ئەللەرنىڭ ئارقا-ئارقىدىن مۇستەقىل بولۇشى ئارقىسىدا، بۇنداق ئەنئەنىۋى دوستلۇق يەنە ئەسلىگە كەلدى ۋە يېڭىدىن تەرەققىي قىلدى. 1953-يىلى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى قۇردى ھەمدە ھەج قىلىش ئۆمەكلىرىنى ئارقا-ئارقىدىن تەشكىللەپ مەككىگە ھەجگە ئەۋەتتى، بۇ ھەج قىلىش ئۆمەكلىرى سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ دوستلارچە كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى. ئۇلار ھەر نۆۋەت ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە جۇڭگو خەلقى ۋە مۇسۇلمانلىرىنىڭ چوڭقۇر دوستلۇقىنى ئېلىپ، 30 غا يېقىن ئىسلام دولەتلىرى مۇسۇلمانلىرىنى زىيارەت قىلدى ھەمدە بىرمۇنچە ئەللەرنىڭ ئىسلام دىنى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ۋە ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى مەشھۇر زاتلىرىنى جۇڭگونى زىيارەت قىلىشقا دائىم تەكلىپ قىلىپ تۇردى ۋە كەلگەنلەرنى كۈتۈۋالدى. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئېلىمىز خەلقى ۋە مۇسۇلمانلىرى بىلەن ئالجىرىيە خەلقى ۋە مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدا ئەنئەنىۋى دوستلۇق مەۋجۇت. ئورتاق تەقدىر ۋە ئورتاق كۈرەش-قۇرۇلۇش ۋەزىپىلىرى بىزنى تېخىمۇ يېقىن قىلىپ بىرلەشتۈردى. خۇسۇسەن، بىز ئارقا-ئارقىدىن مۇستەقىللىققا ۋە ئازاتلىققا ئېرىشكەندىن كېيىن،

www.uyghurkitap.com

ئىلىمىزنىڭ زۇڭلىسى جۇ ئېنلەي بىلەن ئالجىرىيە زۇڭتۇڭى بۇمەيدىن ئۆزئارا زىيارەت قىلىشىپ، بىز ئىككى مەملىكەت خەلقى ۋە مۇسۇلمانلىرىنىڭ دوستانە مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈردى. بىز بۇنداق ئەنئەنىۋى دوستلۇقنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن جەزمەن يەنىمۇ راۋاجلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەرقايسى قېرىنداشلار ۋە دوستلارغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ پات يېقىندا يەنە ھەج قىلىش ئۆمىكىنى تەشكىللەپ، بۇ يىلقى ھەج قىلىش پائالىيىتىگە قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن مەككىگە ئەۋەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى خۇشاللىق بىلەن ئۇقتۇرۇپ قويماقچىمەن ھەمدە ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرىغا جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ دوستانە سالىمىنى ۋە ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنى يەتكۈزۈپ قويماقچىمەن.

قېرىنداشلار، دوستلار!

بىز ھەرقايسى قېرىنداشلار ۋە دوستلاردىن ئۆگىنىمىز دىگەن قىزغىن ئۈمىت بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا كېلىپ بۇ مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتۇق. ئارىمىزدىكى چۈشىنىش ۋە دوستلۇقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەقسىدىدە، مەن بۇ مۇنبەردىن پايدىلىنىپ، ئولتۇرغانلارغا جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ بەزىبىر تارىخىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇم، مېنىڭ تونۇشتۇرغانلىرىم ئەتراپلىق بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىدا مۇھىم تۆھپىلەرنى ياراتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىلىمىزدىكى خەنزۇ مىللىتى ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەرگە ئوخشاشلا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ شانلىق تارىخىنىڭ ئورتاق ياراتقۇچىلىرى ئىكەنلىكىنى يەنىلا ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

كەلگۈسىگە نەزەر سالغىنىمىزدا ئىستىقبالىمىزنىڭ تېخىمۇ پارلاق ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. خۇددى ھەرقايسى قېرىنداشلار ۋە دوستلارغا مەلۇم بولغىنىدەك، بىز مەملىكىتىمىزدە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت يېڭى ئۇزۇن سەپەرنى باشلىۋەتتۇق. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئىلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە، ۋەتىنىمىزنىڭ ئىقتىسات، مەدەنىيەت، ئىلىم-پەن ۋە مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا ئۆزلىرىنىڭ كۈچىنى تەقدىم قىلماقتا. ئىلىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا بەلگىلەنگەن مىللىي باراۋەرلىك ۋە دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ كاپالىتى ئاستىدا، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئىلىم تەتقىقاتى ساھەسىدە نى-نى ئىشلارنى قىلىدۇ. ئۇلار داۋاملىق تۈردە قۇرئان كېرىم، ھەدىس شىرىپ، فىقھە ۋە ئىسلام پەلسەپىلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىدۇ ۋە تەتقىق قىلىدۇ؛ ھەرقايسى مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى، جۇڭگودىكى ئىسلام دىنىنىڭ تارىخىنى، دۇنيا ئىسلام دىنىنىڭ تارىخى ۋە ئىسلام ئىدىيىسىنىڭ يېڭى تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ جەھەتتىكى ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ. بولۇپمۇ ئىلىمىزنىڭ ئاسىيا-ئافرىقا ئەللىرى خەلقى ۋە مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولغان كۈندىن-كۈنگە راۋاجلىنىپ بېرىۋاتقان دوستانە بېرىش-كېلىش ئىشلىرىدا، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولغان دوستلۇقنى ۋە ئىلىم-مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئۆز تىرىشچانلىقلىرىنى كۆرسىتىپ، يېڭى تۆھپىلەرنى قوشىدۇ.

ھەرقايسىڭلارغا رەخمەت!

# ئىسلام ئەللىرىدىكى مەسچىتلەر ھەققىدە ئومۇمى بايان

سەي شېڭفا

## مەسچىت دىگەن ئىسمىنىڭ كېلىپ چىقىشى

"مەسچىت" دىگەن ئىسىم ئەرەپچە "مسجد" (مەسجىد) دىگەن سوزدىن كەلگەن بولۇپ، بۇ سوز ئەرەپ تىلى گىراماتىكىسىدا "ئىسمى ماكان" دەپ ئاتىلىپ، "سەجدە قىلىدىغان جاي" دىگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ. "مەسچىت" دىگەن ئاتالغۇ قۇرئان كېرىمدە 29 يەردە تىلغا ئېلىنىغان.① مۇفەسسىرلەر (قۇرئانغا مەنە ئېيتقۇچىلار)نىڭ يېشىشىچە، "مەسچىت" دىگەن سوز "سجد" (سەجد) دىگەن سوزدىن كەلگەن بولۇپ، باش ئېگىپ سەجدە قىلىش دىگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ، باش ئېگىپ سەجدە قىلىش بولسا نامازنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ھەركەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئاللاغا چەكسىز يېقىنلىشىشنى بىلدۇرىدۇ. قۇرئان كېرىمدە، "سەن ئاللاغا سەجدە قىل ۋە يېقىن بول" (96 ـ سۇرە، 19 ـ ئايەت) دىيىلگەن، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىمۇ "ئادەم سەجدە قىلغاندا، ئاللاغا ھەممىدىن بەك يېقىنلىشىدۇ" دىگەن خاتىرىلەر بار.② "مەسچىت" دىگەن سوز مەخسۇس بىر ئاتالغۇغا ئايلىنىپ قالغاچقا، "مەركەئە" (تازىم قىلىدىغان جاي دىگەن مەنىدە) دىگەن سوز قوللىنىلمىغان؛ ئۇنىڭدىن تاشقىرى، باشقا دىنلاردىن پەرقلەندۇرۇش ئۇچۇن، "مەئابىد" (ئىبادەتخانا دىگەنگە ئوخشاش مەنىدە) دىگەن ئىسىممۇ قوللىنىلمىغان.

جۇڭگودا "مەسچىت" دىگەن ئىسىم يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى ۋە مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ تەرجىمە قىلىپ ئىشلىتىلگەن. تاڭ سۇلالىسى زامانىسىدىكى يازما يادىكارلىقلاردا ناماز ئوقۇيدىغان جاينىڭ "زال"③ دەپ ئاتالغانلىقىغا دائىر خاتىرىلەر بار؛ كېيىنكى چاغلاردا، "مەسچىت" دىگەن مەخسۇس ئىسىم بارا ـ بارا شەكىللەنگەن.

## مەسچىتلەرنىڭ تارىخى تەرەققىيات جەريانى

ئىسلام دىنى رىۋايەتلىرىدىكى ئەڭ قەدىمىي مەسچىت مەككىدىكى "كەئبە" ھىساپلىنىدۇ، قۇرئان كېرىمدە "ئادەملەرگە (ئىبادەت ئۇچۇن) ئەڭ ئاۋال تەيىن ئېتىلگەن جاي مەككىدىكى موبارەك ئۆي (كەئبە)دۇر، ئۇ جاھان ئەھلىنى ھىدايەتكە باشلىغۇچىدۇر" (قۇرئان كىرىم 3 ـ سۇرە، 96 ـ ئايەت) دىيىلگەن. مەككىدىكى كەئبە سەئۇدى ئەرەبىستانى مەككە شەھىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇ تاشتىن ياسالغان

---

① قۇرئان كېرىمدىكى 24 ـ سۇرىنىڭ 36 ـ ئايىتىدە مەسچىت يەنە "بەيت" دەپمۇ ئاتالغان، ئۇ ئۆي دىگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ.

② «تاج ھەدىسلەر توپلىمى»، 1 ـ جىلد، 202 ـ بەت، مىسىر نەشرى.

③ بەي شۇيى: "ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگودىكى قىسقىچە تارىخى"، 14 ـ بەت، جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتى تەرىپىدىن بېسىلغان.

www.uyghurkitap.com

بىر ئوي، رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئۇنى قەدىمقى پەيغەمبەرلەردىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئوغلى ئىسمايىل ئەلەيھىسسالام سالغان (قۇرئان كەرىم 2 - سۈرە، 127 - ئايەتكە قارالسۇن)، كەئبە ئەرەبلەرنىڭ قەدىمقى زاماندىن قېپقالغان مۇھىم تارىخىي مۇقەددەس جايى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بىراق، كەئبەنىڭ ئىسلام دىنىدىكىلەر يۈز كەلتۈرىدىغان مۇقەددەس جايغا (قىبلىگاھ) ئايلىنىشى بولسا مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام دىن تارقاتقاندىن كېيىن قۇرئان كەرىم (2 - سۈرە، 150 - ئايەت)دىكى ۋەھيىگە ئاساسەن بەلگىلەنگەن.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام دىن تارقاتقان دەسلەپكى مەزگىللەردە مەسچىت ياسالمىغان، ناماز ئوقۇيدىغان چاغدا، سەجدە قىلغۇدەك پاكىز بىر جاي بولسىلا كۇپايە قىلاتتى. بۇنداق جايلار "مەسچىت" دەپ ئاتىلاتتى. ئىسلام دىنىنىڭ ئۈزلۈكسىز تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، بولۇپمۇ دىنىي ئەقىدىلەر تەدرىجى مۇكەممەللىشىپ بارغان ئەھۋال ئاستىدا، دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان بىر مەركەزنىڭ بولۇشى تولىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالدى. شۇ ۋەجىدىن، مىلادى 622 - يىلى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان مەزگىلدە، مەسچىت سېلىش مەسىلىسى گەۋدىلىنىپ چىقىشقا باشلىدى. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام دىن تارقاتقاندىن كېيىنكى تۇنجى مەسچىت مىلادى 622 - يىل 9 - ئايدا مەدىنىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىن 3 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قۇبائدا ياسالغان.① بۇ، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان چاغدا ۋاقتىلىق سالغان ئاددىيغىنا مەسچىت ئىدى. مەسچىتنى سالغاندا مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مەسچىت سېلىش ئەمگىكىگە بىۋاستە قاتناشقان ھەمدە مەسچىتنى 4 كۈندىلا پۈتكۈزگەندىن كېيىن ساھابىلارنى باشلاپ بۇ مەسچىتتە ناماز ئوقۇغان. قۇرئان كەرىمدە بۇ مەسچىت توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: "بىرىنچى كۈندىن باشلاپلا تەقۋالار ئۈچۈن بىنا قىلىنغان مەسچىت ھەقىقەتەن سېنىڭ ناماز ئوقۇشۇڭغا ئەرزىيدۇ، ئۇنىڭدا ناھايىتى پاكلىقنى خالايدىغان ئۇرغۇن ئادەملەر بار، ئاللا زىيادە پاك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ" (9 - سۈرە، 108 - ئايەت).

مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، شەھەر خەلقى ئۇنىڭ ئۆز ئۆيلىرىگە بېرىپ تۇرۇشىنى ئارقا - ئارقىدىن تەلەپ قىلىشقان، بىراق ئۇ ئۆزى مىنىپ كەلگەن تۆگىنىڭ چۇلۋۇرىنى قويۇۋېتىپ، تۆگىنى ئۆز خاھىشىغا قويۇپ بەرگەن، تۆگە مېڭىپ - مېڭىپ ئاخىرى بىر ھويلىنىڭ ئالدىدا توختىغان، بۇنىڭ بىلەن، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام تۆگە توختىغان يەرگە بىر مەسچىت سالغان، كېيىنكى چاغلاردا ھەممە يەرگە مەشھۇر بولغان مەدىنىدىكى پەيغەمبەر مەسچىتى ئەنە شۇ. گەرچە بۇ مەسچىت قۇبائىدىكى مەسچىتتىن كېيىن سېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تۇتقان ئورنى ۋە ئوينايدىغان رولى جەھەتتە دىن تارىخىدا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.② بۇ مەسچىت ئەينى ۋاقىتتا سىياسى، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ مەركىزى بولغان، لېكىن ناھايىتى ئاددى سېلىنغان. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئاللا تائالا مېنى مەسچىتنى بەكمۇ

---

① مۇھەممەت خۇدرى: «پەيغەمبەرلەر تۈگەنچەسىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 79 - بەت، قاھىرە نەشرى.

② پەيغەمبەر مەسچىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام رەسمىي سالدۇرغان تۇنجى مەسچىت بولۇشى كېرەك.

ھەشەمەتلىك سېلىشقا بۇيرىغىنى يوق".①
پەيغەمبەر مەسچىتى دەسلەپتە كېسەكتىن سېلىنغان، مەسچىتنىڭ ئۈستى خورما دەرىخىنىڭ شاخلىرى بىلەن يېپىلغان، لىم ۋە تۈۋرۈكلىرىگە خورما ياغىچى ئىشلىتىلگەن. ھىجرىيە 1 - ئەسىردە ئەرەپ ئەللىرىدە سېلىنغان چوڭ مەسچىتلەرنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك ئاشۇ قېلىپتا ئاددى، پۇختا ۋە كوركەم ياسالغان بولۇپ، مەسچىتنى بۇنداق سېلىش ئەينى چاغلاردا مەسچىت سېلىشتا ئۈلگە ۋە ئوبدان ئەنئەنە بولۇپ قالغان.

ئىسلام دىنىنىڭ ئەرەپ يېرىم ئارىلىدىن سىرتقا كېڭىيىشى ئارقىسىدا، بوي سۇندۇرۇلغان رايونلاردا مەسچىت سېلىش تۈپ خاراكتىرلىق بىر تەدبىر بولۇپ قالغان. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى 2 - خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مىلادىنىڭ 637 - يىلى يىراققا يۈرۈش قىلغان سەركەردىلەرگە مەلۇم بىر جاينى ئىشغال قىلىپ ۋەزىيەتنى كونتىرول قىلغاندىن كېيىن، شۇ يەردە يىلتىز تارتىپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، غەلىبە مېۋىلىرىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى چىڭ تۇتۇش، يەنە بىر تەرەپتىن مەسچىت سېلىش توغرىسىدا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ بىرقانچە قېتىم يازما بۇيرۇق چۈشۈرگەن.② ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ بۇيرۇغى بويىچە، ئىسلام دىنى تارقالغان جايلاردا ھەممىدىن ئاۋال مەسچىت سالدۇرغان ئادەم ئۆتبە ئىبنى غەزۋان بولغان. ئۇ مىلادىنىڭ 637 - ياكى 638 - يىلى قىشلىق ھەربى قارارگاھ جايلاشقان جاي - بەسرە شەھىرىدە تۇنجى قارارگاھ مەسچىتىنى سالدۇرغان؛ ئۇنىڭدىن قالسا، ئىراقنى بوي سۇندۇرغان سەركەردە سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس 638 - ياكى 639 - يىلى كۇفە شەھىرىدە مەسچىت ياساتقان؛ مىلادى 642 - يىلى ئەمر ئىبنى ئاس مىسىرنىڭ فۇستات شەھىرى (كونا قاھىرە شەھىرى)دە ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇغى تارىخىدىكى تۇنجى مەسچىتنى سالدۇرغان؛ ئۇنىڭدىن قالسا، ئۇقبە ئىبنى نافىئ مىلادى 670 - يىلىدىن 675 - يىلغىچە تۇنىستا قەيرۇۋان مەسچىتىنى سالدۇرغان.③ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، مەسچىت سالدۇرۇش مۇسۇلمانلارنىڭ ئادا قىلمىسا بولمايدىغان بۇرچىغا ئايلانغان - دە، قەيەردە مۇسۇلمانلار بولسا، شۇ يەردە مەسچىت بارلىققا كەلگەن. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئوتتۇرا شەرقتە يەنە تۆۋەندىكىدەك مەشھۇر مەسچىتلەر سېلىنغان: قۇددۇس شېرىپتىكى ئەقسا مەسچىتى ۋە سەخرە مەسچىتى. ئەقسا مەسچىتى ئاتاقلىق مەسچىت بولۇپ، بىرقەدەر كونا مەسچىت ھىساپلىنىدۇ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى ئىسلام دىنى دۇنياغا كېلىشتىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەردىن سۇلايمان ئەلەيھىسسالام سالدۇرغان ئىكەن؛ ئىسلام دىنى گۈللەنگەندىن كېيىن، بۇ مەسچىت مىلادى 705 - يىلى يېڭىۋاشتىن رېمونت قىلىنغان. سەخرە مەسچىتى يەنە گۈمبەزلىك مەسچىت دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇنى خەلىپە ئابدۇلمەلىك مىلادى 685 — 691 - يىللىرى رىۋايەتلەردىكى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مىئراجغا چىققان يەرنى قوغداش مەقسىتىدە سالدۇرغان. بۇ ئىككى مەسچىت مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ مىئراجغا چىققانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ قەلبىدە چېقىلغىلى بولمايدى-

---

① «تاج ھەدىسلەر توپلىمى»، 1 - جىلد، 259 - بەت.

② «ئەلئىمان» ژورنىلىنىڭ مەسچىتلەرنىڭ ۋەزىپىسى توغرىسىدىكى مەخسۇس سانى، 1975 - يىل مەككە نەشرى.

③ فىلىپ. ك. ھىتتى: «ئەرەپلەرنىڭ ئومۇمى تارىخى»، ماجىيەن تەرجىمىسى، 302 - بەت.

غان مۇقەددەس مەسچىت ھېساپلىنىدۇ. ئۇلاردىن باشقا، يەنە دەمەشقتىكى ئۇمەۋىيە مەسچىتى ملادى 705 ـ يىلى سېلىنغان، يەنە بىر گەپچە 708 ـ يىلى سېلىنغان؛ قاھىرەدىكى ئەھمەد ئىبنى تۇلۇن مەسچىتى 879 ـ يىلى سېلىنغان، ماراكەشنىڭ فاس شەھىرىدىكى قەرۇيىن مەسچىتى 859 ـ يىلدىن باشلاپ سېلىنغان؛ كوردوۋادىكى مەسچىت 785 ـ يىلدىن باشلاپ سېلىنغان.

## مەسچىتنىڭ رولى ۋە قۇرۇلۇشى

مەسچىت — مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي پائالىيەت مەركىزى. مەسچىت، ئاساسەن، دىنغا ئېتىقات قىلغۇچىلار ناماز ئوقۇيدىغان، ئاندىن قالسا دىنىي تەربىيە ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان ۋە دىنىي ئىشلارنى بېجىرىدىغان جاي. ئىسلام دىنىدىكى 5 پەرزنىڭ بىرى بولغان ناماز ئادەتتە ھەر كۈنى 5 ۋاخ (بامدات، پېشىن، ئەسىر، نامازشام، خۇپتەن) ئوقۇلىدۇ؛ ھەر جۈمە كۈنىدە يىغىلىپ جۈمە نامىزى ئوقۇلىدۇ؛ ھەر يىلى روزى ھېيت ۋە قۇربان ھېيتتا ھېيت نامىزى ئوقۇلىدۇ. جۈمە نامىزى ۋە ھېيت نامىزىنى مۇسۇلمانلارنىڭ مەسچىتكە بېرىپ جامائەت بىلەن ئوقۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ، ئادەتتىكى 5 ۋاخ نامازنى بولسا مەسچىتكە بارماي، ئۆي ياكى باشقا جايدا — خالىغان يەردە ئوقۇسىمۇ بولىدۇ، خۇددى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك "پۈتكۈل جاھاننى ناماز ئوقۇيدىغان جاي قىلىشىڭ مۇمكىن، مەيلى قانداق جايدا بولمىسۇن، ناماز ۋاقتى بولغان ھامان ناماز ئوقۇساڭ بولۇۋېرىدۇ."①

مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە، مەسچىتتە پەقەت ناماز ئوقۇش، دىن تارقىتىش، ئەمىر ـ مەرۇپ قىلىش، ئىچكى ـ تاشقى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە دىنىي تەربىيە ئېلىپ بېرىش پائالىيەتلىرىلا ئېلىپ بېرىلاتتى. مىلادى 7 ـ ئەسىرلەردە ئالدى بىلەن مەسچىتلەردە قۇرئاننى قىرائەت قىلىش دەرسى ئوتۇلىدىغان بولدى؛ ئۇمەۋىيە سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادى 661 — 750) ھەرقايسى جايلاردىكى مەسچىتلەردە قوشۇمچە مەكتەپلەر ئېچىلدى؛ ئاباسلار (مىلادى 750 — 1517 ـ يىلى) دەۋرى ئىسلام دىنىنىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋرى ئىدى. ئۇ چاغلاردا مەسچىتلەر پۈتكۈل يېزا ـ قىشلاقلارغا تارقالغان بولۇپ، ھەر بىر مەسچىتتە بىردىن مەكتەپ ئېچىلدى؛ "مەسچىت" دېگەن سۆز "مەدرىس" بىلەن، "جامە" دېگەن سۆز "جامىئە" (دارىلفۇنۇن) بىلەن تەڭ مەنىدە ئىشلىتىلىدىغان بولدى. مىسىردىكى ئاتاقلىق ئەزھەر دارىلفۇنۇنى، تۇنىستىكى زەيتۇنە دارىلفۇنۇنى ۋە ماراكەشتىكى قەرۇيىن دارىلفۇنۇنى شۇ نامدىكى مەسچىتلەرنىڭ ئۆزىدۇر. بۇ بىلىم يۇرتلىرى مەسچىت تەربىيىسى يولغا قويۇلىدىغان جايلاردىن تەرەققىي قىلىپ زامانىۋى ئوقۇتۇش ئىشلىرى يولغا قويۇلىدىغان جايغا ئايلاندى، ئۇلاردا يېتىشىپ چىققان مۇنەۋۋەر مۇسۇلمان ئالىملار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە قوشۇمچە داۋالاش ئورنى ۋە كۇتۇپخانا قىلىنغان مەسچىتلەرمۇ بار، مەسىلەن، مىلادى 7 ـ ئەسىرلەردە سېلىنغان يەمەننىڭ سەنئا شەھىرىدىكى مەسچىتنىڭ كۇتۇپخانىسى ئەرەپ دۇنياسىدا ئاتاقلىق كۇتۇپخانىلارنىڭ بىرى ھېساپلىنىدۇ. بۇ كۇتۇپخانىدا ساقلانغان بەزى ئەتىۋارلىق كىتاپلار ۋە قولىيازمىلار ئىسلام دۇنياسىدا ئاز ئۇچرايدىغان قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىق ھېساپلىنىدۇ.②

① «تاج ھەدىسلەر توپلىمى»، 1 ـ جىلد، 242 ـ بەت.

② «ئەرەپ يېرىم ئارىلى»، بېيجىڭ داشۆي شەرق تىللىرى پاكۇلتېتى تەرجىمىسى، 178 ـ بەت.

مەسچىتلەر دەسلەپكى چاغلاردا چوڭ-كىچىك دەپ ئايرىلمايتتى، ھەرقانداق مەسچىتتە ھەر كۈنى بەش ۋاخ نامازدىن باشقا، يەنە جۈمە نامىزىمۇ ئوقۇلاتتى. ئىسلام دىنىدىكى تۇنجى قېتىملىق جۈمە نامىزى ۋە خۇتبەنى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مىلادى 622-يىل 9-ئايدا، قۇبائىدا مەسچىت سېلىنغاندىن كېيىن مەدىنىگە كېتىۋېتىپ سالىم ۋادىسىدا ئوقۇغان.① مىسىرنىڭ قازىسى ھەسەن ئابدۇلۋەھھاب مىلادى 785-يىلى جۈمە نامىزىنى بىر شەھەردە بىر مەسچىتكە توپلىشىپ ئوقۇشنى ئالدى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، قاھىرىدە جۈمە نامىزىنى فۇستاتتىكى ئەمر جامەسىدە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى؛ كېيىن فەزلى ئىبنى سالىھ مىلادى 847-يىلى مەشھۇر قارارگاھ جامەسىنى سالدۇرۇپ، ئادەتنى بۇزغان ھالدا بۇ جامەدە جۈمە نامىزىنى ئوقۇدى. مىلادى 878-يىلى ئەھمەد ئىبنى تۇلۇن قاھىرىدە تۇلۇن مەسچىتىنى سالدۇرغاندىن كېيىن، يەنە قارارگاھ جامەسىدە جۈمە نامىزى ئوقۇشقا رۇخسەت قىلماي، پەقەت تۇلۇن مەسچىتى ۋە ئەمر جامەسىدىلا جۈمە نامىزى ئوقۇشقا رۇخسەت قىلدى. مىلادى 971-يىلى جەۋھەر ئەزھەر جامەسىنى سالدۇرغاندىن كېيىن، قاھىرىدە جۈمە نامىزىنى پەقەت ئەمر جامەسى، تۇلۇن مەسچىتى ۋە ئەزھەر جامەسىدىلا ئوقۇشقا بولىدىغان بولۇپ قالدى.② شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، بىرمۇنچە ئىسلام ئەللىرى ئادەتتىكى مەسچىتلەردىن باشقا، يەنە شەھەرلەردە مەخسۇس جۈمە نامىزى ئوقۇيدىغان جامەلەرنى سالدۇردى.

## مەسچىتلەرنىڭ ياسىلىش ئالاھىدىلىكى ۋە تۈزۈلۈشى

مەسچىتلەرنىڭ ياسىلىشى ئومۇمەن ئىگىز، ھەيۋەتلىك، ئاددى ۋە كوركەم بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. خۇددى يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە، مەسچىتلەر بەكمۇ ئاددى ياسىلاتتى، بۇنداق ئۇسلۇپ (چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى شەھەرلەردىكى بەزى مەسچىت-جامەلەرنى ھىساپقا ئالمىغاندا) داۋاملىشىپ كەلگەن؛ مىلادى 8-ئەسىردىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ئارقىسىدا، مەسچىتلەرنىڭ ياسىلىشىدىمۇ بەزى يېڭى ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئىسلام دىنى يېڭىدىن تارقالغان بەزى جايلاردا مەسچىتلەر ئەسلىدىكى كونا قۇرۇلۇشلاردىن پايدىلىنىپ ياسالدى، شۇ سەۋەپتىن، ئوخشاش بولمىغان ئەللەرنىڭ يەر شارائىتىغا ۋە چەتنىڭ قالدۇرغان تەسىرىگە ئاساسەن، مەسچىت ياساش جەھەتتە ئەرەپ ئەللىرىگە خاس بولغان بىر تۈرلۈك ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى، يەنى مەشھۇر ئەرەپ سەنئىتى پەيدىن-پەي شەكىللەندى.

مەسچىتنىڭ مەركىزى قىسمى ناماز ئوقۇيدىغان چوڭ خانىقادىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ مەككىدىكى مۇقەددەس جاي—كەئبە (پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى خۇداغا سەجدە قىلىشتا نىشان قىلىدىغان جاي)گە قارىتىپ سېلىنىدۇ. مەسچىتنىڭ خانىقاسى ئومۇمەن "凸" شەكلىدە سېلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بىرقەدەر ئاددى بولۇپ، ئادەتتە خانىقانىڭ ئاستى تاختايلىق بولىدۇ، توت تەرەپتىكى تام ئاددى ھەم نەپىس بولۇپ، بۇ تاملارغا ھەرگىز جاندارلارنىڭ سۈرىتى سىزىل-

① ناجۇك: «ئىسلام ئەللىرىنىڭ مەدىنىيەت تارىخى»، 36-بەت.

② «ئەلئىمان» ژورنىلى، 14-بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مايدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەرەپ يېزىقىدا بەزى ھۆسنىخەتلەر (سۈرىلەر ۋە ئايەتلەر) يېزىلىدۇ ۋە گېئومېترىك ئاساستا سىزىلغان نەقىشلەر چۈشۈرۈلىدۇ، بەزى مەسچىتلەرنىڭ تاملىرىغا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن رەڭلىك نەقىشلەر چۈشۈرۈلىدۇ، بەزى مەسچىتلەرگە تاش ياتقۇزۇپ نەقىش ئويۇلىدۇ، دېمەك، بۇنداق سەنئەت ئالاھىدە ئۇسلۇبقا ئىگە. خانىقانىڭ ئاستىغا ئومۇمەن گىلەم، كىگىز سېلىنىدۇ، خانىقاغا كىرىشتىن ئاۋال كىشىلەر پاكىزلىقنى ساقلاش ئۈچۈن ئاياغلىرىنى سېلىۋېتىدۇ (غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ كىرىشىگە يول قويۇلمايدۇ).

خانىقانىڭ ئۇدۇل تەرەپتىن كورۇنۇپ تۇرىدىغان تېمى (كەئبەگە قارىتىپ سېلىنىدۇ)نىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا ئادەتتە يېرىم ئايلانما شەكىللىك ئويۇقچا ئويۇلغان بولۇپ، بۇ ئويۇقچا مېھراپ دەپ ئاتىلىدۇ. مېھراپنى چىقىرىشتىن مەقسەت قىبلە تەرەپنى بىلىۋېلىشقا ئاسانلىق تۇغدۇرۇش. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە قىبلىنىڭ بەلگىسى قىلىپ تاختاي قويۇپ قويۇلاتتى. ھىجرىيە 1-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى (مىلادى 8-ئەسىرنىڭ باشلىرى) مەدىنە ھاكىمى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز مەدىنە مەسچىتىنىڭ قىبلە تەرىپىگە دەسلەپتە بىر ئويۇق چىقارغان. كېيىن كىشىلەر مېھراپ ياساش جەھەتتە ئۆز ھۈنەرلىرىنى تېخىمۇ كورستىپ، سىر بېرىلگەن مەرمەر تاشلار ياكى نەپىس فار-فۇر خىشلار ۋە ياكى ئۇستىلىق بىلەن ئىشلەنگەن ياغاچ ئويمىلار ئارقىلىق مېھراپنى باشقىچە ئۇسلۇپ بىلەن كوركەم، ھەشەمەتلىك بېزەيدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە قۇرئان ئايەتلىرىنى چىرايلىق قىلىپ ئويۇپ قويىدىغان بولغان. يىغىلىپ ناماز ئوقۇغاندا، ئىمام مېھراپنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرىدۇ، جامائەت ئۇنىڭ ئارقىسىدا توغرىسىغا سەپ تۈزۈپ، رەسمىيەت بويىچە ئىخلاسمەنلىك بىلەن ناماز ئوقۇيدۇ.

خانىقا ئىچىدە مېھراپنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئىمام ئاخۇنۇم خۇتبە ئوقۇيدىغان مۇنبەر جايلاشقان بولىدۇ، مۇنبەر ئادەتتە بىرنەچچە پايىلىك قىلىپ ياغاچتىن ياسىلىدۇ، مۇنبەرنىڭ ئىككى تەرىپى ۋە كەينى تەرىپى رىشاتكىلىق بولىدۇ. ھەر ھەپتىنىڭ جۈمە كۈنى ۋە ھەر يىلى ھېيت نامىزىنى ئوتكەندە، ئىمام ئاخۇنۇم مۇنبەردە تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇيدۇ، دىنىي ئەقىدىلەرنى چۈشەندۈرىدۇ. خۇتبە ئوقۇغاندا بەزى ئىماملار قولىغا ھاسا ئېلىۋالىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئەينى چاغلاردا خۇتبە ئوقۇغاندا قولىغا دائىم خورما ياغىچىدىن ياسالغان ھاسا ئېلىۋالىدىكەن.

پەشتاق — مۇسۇلمانلارنى ناماز ئوقۇشقا چاقىرىپ ئەزان ئېيتىدىغان ئورۇن، ئۇ يەنە چىراق مۇنارى، مۇنار دەپمۇ ئاتىلىدۇ (شىمالىي ئافرىقا ئەللىرىدە كوپرەك "ئەساسە" دىگەن ئىسىم قوللىنىلىدۇ). مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە پەشتاق يوق بولۇپ، ئۇ چاغلاردا مۇئەززىن "بىلال" تاك-تاك ئورۇش يولى بىلەن كىشىلەرنى ناماز ئوقۇشقا چاقىراتتى، كېيىن ئېگىز يەردە ياكى ئوگزىدە تۇرۇپ يۇقۇرى ئاۋاز بىلەن ئەزان ئېيتىدىغان بولغان. تۇنجى پەشتاق زىياد ئىبنى ئۇبەييە تەرىپىدىن مىلادى 664-، 665-يىللىرى ئىراقنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى بەسرە جامەسىدە ياسالغان؛ ئۇنىڭدىن كېيىن، مۇسلىمە ئىبنى مۇخەللىد مىلادى 672-يىلى مۇئاۋىيەنىڭ بۇيرۇغى بىلەن، مىسىرنىڭ ئەمر جامەسىگە 4 پەشتاق سالدۇرغان. شۇنىڭدىن باشلاپ، دەمەشقتە، مەدىنىدىكى پەيغەمبەر مەسچىتى ۋە تۇنىستىكى قەيرۇۋان جامەسى قاتارلىق جامەلەردە ئارقا-ئارقىدىن پەشتاق سېلىنغان. ئىران، ھىندىستان ۋە تۈركىيىدىكى بەزى مەسچىتلەردە مىلادى 9-

ئەسىردىن كېيىن پەشتاق سېلىنىشقا باشلىغان.①
مەسچىت پەشتاقلىرى مۇسۇلمانلارنى ناماز ئوقۇشقا چاقىرىش رولىنىلا ئويناپ قالماي، تارىختا ئاسمان ھادىسىلىرىنى كۆزىتىشتەك ئالاھىدە رولنىمۇ ئويناپ كەلگەن. مەسچىتلەرنىڭ پەشتىغى ئومۇمەن كوپ دىگەندە بىردىن توتكىچە بولىدۇ، پەقەت تۈركىيىنىڭ ئىستامبول شەھىرىدىكى سۇلتان ئەخمەت جامەسى دۇنيا بويىچە بىردىن-بىر 6 پەشتاقلىق جامە ھىساپلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، مەسچىت سەيناسىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا ئادەتتە ناماز ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەرەت ئېلىشى ئۈچۈن كول قېزىلغان بولىدۇ.

ئىسلام ئەللىرىدىكى مەسچىتلەرنىڭ گەۋدىلىك يېرى ئۇنىڭ گۈمبەز شەكىللىك يەنى ئەگمە شەكىللىك ئىمارەت ئۇسىنى ئالغانلىغى. خەلىپە ۋەلىدنىڭ زامانىسدا (مىلادى 708-يىلى) ئاساسلىغى ياغاچ ۋە گەجكە ئوخشاش ماتىرىياللاردىن ياسىلىپ، سىرتىغا بوياق بېرىلگەن ياكى سىرتى باشقا نەرسىلەر بىلەن بېزەلگەن گۈمبەز شەكىللىك ئىمارەتلەر بارلىققا كەلگەن. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، مەسچىت سېلىش سەنئىتىدىمۇ تۈرلۈك ئېقىملار بارلىققا كەلدى:

بىرىنچىسى سۈرىيە-مىسىر ئېقىمى بولۇپ، بۇ ئېقىم ئاساسەن يۇنان-رىم ئىمارەتلىرى ۋە ئۆز يەرلىرىدىكى ئۇچلۇق، ئەگمە شەكىللىك ئىمارەتلەرنى نەمۇنە قىلغان؛

ئىككىنچىسى ئىراق-پىرسىيە ئېقىمى بولۇپ، بۇ ئېقىم ساسان نۇسخىسى، قەدىمىي جالد نۇسخىسى ۋە ئاشۇر نۇسخىسى ئاساسىدىكى ئەگمە شەكىلنى نەمۇنە قىلغان؛

ئۈچىنچىسى ئىسپانىيە-شىمالىي ئافرىقا ئېقىمى بولۇپ، بۇ ئېقىم مەغرىبچە ئوغاق شەكىللىك نۇسخىنى نەمۇنە قىلغان؛

تۆتىنچىسى ھىندىستان ئېقىمى بولۇپ، بۇ ئېقىم روشەن ھىندى ئۇسىنى ئالغان ۋە كوپىنچە گۈمبەز شەكىللىك بولغان نۇسخىنى نەمۇنە قىلغان.

## ئوتتۇرا شەرقتىكى مەسچىتلەرنىڭ يېقىنقى ئەھۋالى

مەسچىت مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس جايى، مۇسۇلمانلار ھەمىشە جان-دىلى ۋە پۈتۈن كۈچى بىلەن مەسچىتلەرنىڭ تەرىپىنى قىلىپ، ئۇلارغا ئۆز قەلبىدىن بەك يۇقۇرى ئورۇن بېرىشىدۇ. شۇڭلاشقا، ئىسلام ئەللىرى مەسچىتلەرنىڭ تەقدىرىگە بەكمۇ ئېتىۋار بېرىدۇ، مەككىگە جايلاشقان ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى مىلادى 1975-يىل 9-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن 23-كۈنىگىچە "مەسچىتلەرنىڭ ۋەزىپىسى" دىگەن تېمىدا مەخسۇس يىغىن چاقىردى، يىغىنغا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن 80 دولەتنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى. يىغىندا مەسچىتلەرنىڭ ۋەزىپىسى، ئىمامىلىققا ۋارىسلىق قىلىش، جۈمە نامىزىدا ئوقۇلىدىغان خۇتبىنىڭ مەزمۇنى، مەسچىت سېلىش ۋە قۇددۇستىكى ئەقسا مەسچىتىنىڭ ئىسرائىلىيە دائىرىلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىغىغا ئۇچرىغانلىغى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا قارار چىقىرىلىپ، مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا مۇنداق دەپ چاقىرىق قىلىندى: "مەسچىتلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئادا قىلىشتىن ئىبارەت ئەمىلىي ئېھتىياجنى ئېسىڭلاردىن چىقىرىپ قويماڭلاركى، مەسچىتلەر ئىسلام تۇرمۇشىدا خۇددى ئاللانىڭ ئەلچىسى تەقۋالار ئۈچۈن سالغان تۈنجى مەسچىت رول ئوينىغاند-

① «باغدات داشۆي گېزىتى»، 1965-يىل، 1-سان، 101-بەت.

دەك رول ئوينىسۇن.①

قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلىدۇ: "ئاللاتائالاغا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ناماز ئوقۇيدىغان، زاكات بېرىدىغان ۋە خۇدادىن قورقىدىغان كىشىلا ئاللانىڭ مەسچىتىنى ياسىتىدۇ، بۇنداق ئادەملەر توغرا يولغا ئىگە بولغانلاردۇر" (9 ـ سۈرە، 18 ـ ئايەت). مۇھەممەت ئەلەيھىسسالاممۇ مۇنداق دېگەن: "كىمكى خۇدا يولىدا مەسچىت سالدۇرىدىكەن، خۇدامۇ ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتتە ئاشۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئىمارەت سېلىپ بېرىدۇ".② شۇڭا، مەسچىت ئىسلام ئەللىرىدە خۇددى جەمئىيەت ھۆجەيرىلىرىگە ئوخشاش ھەممە ياقنى قاپلىغان. مەسچىتلەرنىڭ دولەت پۇل چىقىرىپ سالغانلىرىمۇ بار، شەخسلەر پۇل توپلاپ سالغانلىرىمۇ بار. دولەت تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان مەسچىتلەر ئادەتتە ھوكۇمەتنىڭ دىنىي فوند مىنىستىرلىگىگە قارايدۇ. مەسچىت خادىملىرى بىرلا ئىمامدىن تەركىب تاپىدۇ، ئىمام مەسچىتتە داۋاملىق تۇرمايدۇ، ناماز ۋاقتىدا كېلىپ ئىماملىق قىلىدۇ، نامازدىن كېيىن ئۆيىگە قايتىپ كېتىدۇ. مىسىرنىڭ مەسچىتلىرىدە ئۈچتىن دىنىي خادىم بولىدۇ، ئۇلارنىڭ كوپىنچىسى ئەزھەر دارىلفۇنۇنىنىڭ ئىسلام دىنى ۋە قانۇنشۇناسلىق پاكۇلتېتلىرىنى پۈتتۈرگەن بولىدۇ. بۇنداق مەسچىتلەرنىڭ تولىسى شەھەرلەردىكى كولىمى بىرقەدەر چوڭ مەسچىتلەردۇر، يېزا مەسچىتلىرىدە ئادەتتە مەخسۇس خادىم قويۇلمايدۇ؛ خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئىراق تېرىتورىيىسى ئىچىدىكى مەسچىتلەرنىڭ سانى 12 مىڭدىن ئارتۇق ئىكەن، باغدات شەھىرىدىلا 560 نەچچە مەسچىت بار بولۇپ، ھەر بىر مەسچىتتە 2 ـ 3 نەپەر دىنىي خادىم، 2 نەپەر قارا خىزمەتچى بار ئىكەن؛ كۇۋەيت تېرىتورىيىسى ئاران 17 مىڭ كۇۋادىرات كىلومېتىر، ئاھالىسى بىر مىليونچە (ئۆز دولىتىنىڭ ئاھالىسى ئاران 50 پىرسەنت) كېلىدىغان دولەت بولسىمۇ، لېكىن 1971 ـ يىلى ئېلىنغان ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، كۇۋەيتنىڭ شەھەر ـ بازارلىرىدا 69، يېزىلىرىدا 81 مەسچىت بار ئىكەن، ئۇمۇ مەسچىت كوپ دولەت ھېسابلىنىدۇ، فاس شەھىرى (ئاھالىسى 350 مىڭ)نى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، بۇ شەھەردە مەشھۇر قەيرۇۋان جامەسى ۋە جۇمە نامىزى ئوقۇلىدىغان 11 مەسچىتنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئادەتتىكى كىچىك مەسچىتلەر 220 گە يېتىدىكەن؛ ئىراندا مەملىكەت بويىچە شەھەردىكى مەسچىتلەر 5 مىڭ 400 چە بولۇپ، تېھراننىڭ ئۆزىدىلا مىڭدىن ئارتۇق مەسچىت بار ئىكەن. ئىسلام ئەللىرىدە مەسچىت كوپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار شۇنداق بىر ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگىكى، مەشھۇر مەسچىت ـ جامەلەردىن باشقا مەسچىتلەر ئومۇمەن بىرقانچە ئۆيى بار، بىرەر پارچە جايناماز سېلىپ قويۇلغان مەسچىتلەر بولۇپ، جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇغىلى بولسىلا مەسچىت ھېسابلىنىۋېرىدۇ.

مەسچىت خادىملىرى ئاساسەن مۇسۇلمانلار بېرىدىغان ياكى ھوكۇمەت بېرىدىغان ياردەم پۇلغا تايىنىپ كۈن كەچۈرىدۇ، بىراق زور كوپ ساندىكى مەسچىتلەرنىڭ ۋەخپىسى بولىدۇ، بولۇپمۇ بەزى جامەلەرنىڭ ۋەخپىسى ئىنتايىن كوپ بولىدۇ، مەسىلەن، ئىراندا 1962 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان يەرنىڭ مولچەر مىقدارى ئىچىدە، 446 كەنتنىڭ يېرى مەشھەددىكى ئىمام رىزا مەسچىتىگە بەخشەندە قىلىپ بېرىلگەن.③

---

① «ئەلئىمان» ژورنىلى، 154 ـ بەت.

② «تاج ھەدىسلەر توپلىمى»، 243 ـ بەت.

③ فىشەر: «ئىران»، خەنزۇچە نەشرى 288 ـ بەت.

# شىنجاڭدىكى ئاخۇن - موللىلارنىڭ ئىلغارلىق ئىش ئىزلىرىدىن

## تۇرسۇن خەلپەت

تۇرسۇن خەلپەت تۇرپان ناھىيىسى يالقۇنتاغ گۇڭشېسىنىڭ ئاخۇنى، 62 ياش، ئۇيغۇر، ئۇنىڭ دىنىي بىلىمى بىرقەدەر يۇقۇرى، ئاممىا ئارىسىدا مەلۇم ئىناۋىتى بار. ھازىر ئۇ تۇرپان ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ناھىيىلىك سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى.

تۇرسۇن خەلپەت يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھوكۇمەتكە پائال ياردەملىشىپ دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىگى سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش، مىللىي سىياسەت، دىنىي سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۇرۇش خىزمىتىدە كۈچ چىقىرىپ، توھپە قوشتى.

ئۇ مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش مەقسىدىدە، ئوسمۇر باللارنى مەكتەپكە بېرىپ ئۇلارغا مەدىنىيەت ئۇگىنىش توغرىسىدا ئاممىغا تەشۋىق ئېلىپ باردى، ئۇنىڭ تەشۋىق-تەربىيە ئېلىپ بېرىشى ئارقىسىدا ئوقۇش يېشىغا توشقان ئوسمۇرلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى ئوستى. قارىلار، خەلپەتلەر قۇرئان ئوقۇۋاتقان ئىپتىدائى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى مەكتەپكە ئاپىرىپ مۇئەللىملەرگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، دولەت مائارىپىنىڭ نورمال راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

تۇرسۇن خەلپەت ئاممىغا "5 كە دىققەت قىلىش، 4تە گۇزەل بولۇش"، ئورمان بىنا قىلىش-كوكەرتىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش توغرىسىدا تەشۋىق ۋە سەپەرۋەرلىك ئېلىپ باردى. مىڭدىن ئارتۇق كىشى بار بىر سورۇندا، بۇ پائالىيەتلەرگە قاتنىششنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلدى، گۇڭشې تەۋەسىدىكى بارلىق دىنىي زاتلارمۇ بۇ پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشتى. ئورمان بىنا قىلىش-كوكەرتىش جەھەتتە، ئۇ تۇرۇشلۇق يالقۇنتاغ گۇڭشېسىنىڭ 3-دادۇيىدىلا 6 مىڭ تۇپ كوچەت تىكىلدى، 14 مىڭ تۇپتىن ئارتۇق نوتا كومۇلدى ھەمدە 4 مىڭ تۇپتىن ئارتۇق مىۋىلىك دەرەخ قويۇلدى، يەنى جەمى 24 مىڭ تۇپتىن ئارتۇق كوچەت تىكىلدى.

ئۇ گۇڭشې، دادۇينىڭ ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش جەھەتلەردىكى بەزى قىيىن مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەملەشتى. شۇنىڭ بىلەن سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ئىلگىرى سۇرۇش، ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى ئېچلاندۇرۇش جەھەتتە ئوبدان رول ئوينىدى.

1982-يىل 1-ئاينىڭ 13-كۇنى، 3-دادۇينىڭ كارىزى ئورۇلۇپ چۈشۈپ، گۇڭشېدىن 30 نەپەر ياشنى رېمونت قىلىشقا ئەۋەتكەندە، ئۇلار خەۋپتىن قورقۇپ بېرىشقا ئۇنىمىغان، بۇ چاغدا تۇرسۇن خەلپەت ئۇلارغا خىزمەت ئىشلىدى، نەتىجىدە ياشلار بېرىپ كارىزنى رېمونت قىلدى. 1982-يىل 1-ئاينىڭ 20-كۇنى، گۇڭشېنىڭ كومۇر قۇدۇغى ئورۇلۇپ چۇشكەندە، بەزى ئىشچىلار بىرەر ئىش چىقىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەپ، ئىشنى توختىتىپ

www.uyghurkitap.com

قۇدۇقتا چۈشۈشكە ئۇنىمىغان ئىدى. تۇرسۇن خەلپەت گۈگشىي مەسئۇللىرى بىلەن بىرلىكتە قۇدۇقتا بىرىپ، ئىشچىلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

1981-يىل 3-ئاينىڭ 14-كۈنى، 3-دادۇي ئوستەڭدىكى لاتقىلارنى چىپىپ، ئوستەڭگە سۇ قويۇش ئۈچۈن ئاممىنى خالىس ئەمگەككە سەپەرۋەر قىلغاندا، تۇرسۇن خەلپەت بۇ ئىشنى ئاكتىپ قوللاپ، ئاممىغا تەشۋىق قىلدى ھەمدە بىرنەچچە بوۋاينى تەشكىللەپ باشلامچىلىق بىلەن ئىشلىدى، ئۇنىڭ بۇ ھەركىتى ئاممىنى تەسىرلەندۈرۈپ، بۇ قېتىمقى خالىس ئەمگەككە 700 دىن ئارتۇق كىشى قاتنىشىپ، كوللېكتىپ ئۈچۈن 1 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق چىقىم تېجەپ قىلىندى.

شۇ يىلى 8-ئايدا، قۇرغاقچىلىق تۈپەيلىدىن سۇ قىس بولۇپ قالدى. شۇ سەۋەپتىن گۈگشىي سۇ ئىشلىتىش چارىسىنى تۈزۈپ چىققاندا، تۇرسۇن خەلپەت ئاممىنى سۇ ئىشلىتىش چارىسىغا ئەمەل قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى، نەتىجىدە ھېچكىم سۇنى قالايمىقان ئىشلەتمەي، يەر سۇغىرىدىغان سۇنىڭ مۇۋاپىق ئىشلىتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

تۇرسۇن خەلپەت ھوكۇمەتنىڭ دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىگى سىياستىنى ئەمىلىيلەشتۈرۈشكە ياردەملىشىپ، بەزىلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى خاتا تونۇش ۋە ئىپادىلىرىنى تۈزەتتى.

ئۇ يەنە ئاممىنى نەزىر-چىراق، ئۆلۈم-يىتىم، توي-تۆكۈن ئىشلىرىدا تېجەشلىك بولۇش، جىنازا نامىزىنى چۈشۈرگەندە پۇل ئالماسلىققا دەۋەت قىلدى؛ ئاممىغا قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بەردى.

(تۇرپان ناھىيىسىدىن)

## ئوسمانشا ئاخۇن

ئوسمانشا ئاخۇن، ئۇيغۇر، 65 ياش، قۇمۇل شەھەر گۈگشىدىن، قۇمۇل ناھىيىلىك سىياسى مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزاسى بولغان، 1981-يىلى، ئومۇمى سايلامدا قۇمۇل شەھەرلىك خەلق ۋەكىلى بولۇپ سايلاندى ھەمدە شەھەرلىك سىياسى مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلاندى. ئۇ كوپ يىللاردىن بىرى خەلق ھوكۇمىتىگە ياردەملىشىپ بىرمۇنچە خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، ئۇ دىنىي مەلۇماتى بىرقەدەر يۇقۇرى، ئاما ئارىسىدا خېلى يۇقۇرى ئابرۇيغا ئىگە دىنىي كەسپىي خادىم.

ئوسمانشا ئاخۇن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھوكۇمەتكە ياردەملىشىپ دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىگى سىياستىنى ئەمىلىيلەشتۈرۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، شۇنىڭدەك باشقا مەركىزىي خىزمەتلەرنى ئورۇنلاش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاكتىپ رول ئويناپ كەلدى. شۇڭا يەرلىك ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ۋە كەڭ ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئوسمانشا ئاخۇن نورمال دىنىي تۇرمۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، دىندىن پايدىلىنىپ نورمال بولمىغان پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشنى توستى. بىر كۈنى، ئۇ سىرتتىن كەلگەن بىرسىنىڭ دىنىي نام بىلەن بىر كېسەل ئادەمگە دۇئا ئوقۇپ، ئالدامچىلىق بىلەن پۇل-مال ئالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا تەربىيە بەردى ھەم ئىككىنچى مۇنداق قىلماسلىق توغرىسىدا نەسھەت قىلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇنداق خۇراپاتلىقنىڭ ئالدىمىغا چۈشمەسلىك توغرىسىدا مۇسۇلمانلارغا تەربىيە بەردى. ئۇ بەزىلەرنىڭ نورمال بولمىغان پائالىيەتلەرنى

ئېلىپ بارغانلىقىنى سەزگەن ھامان توستى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا مەلۇم قىلدى. ئۇ ھەقىقانىيەتتە چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، شۇ جايدىكى ياكى سىرتتىن كېلىپ قانۇنسىز ھەركەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان بەزى كىشىلەرگە بۇ گۇگۈشپىدا بازار قالمىدى.

1980-يىلى، يازلىق ۋە كۈزلۈك يىغىم مەزگىللىرىدە، بىر قىسىم گۇگۈشچى ئەزالىرى دېخانچىلىقنى تاشلاپ، تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، دېخانچىلىق ئەمگىكىگە قاتناشمىدى، نەتىجىدە خامان تېپىش ئىشى كېچىكىپ كېتىپ، يازلىق بۇغداي بىخ چىقىرىپ كەتتى، كۈزلۈك ئاشلىقنى قار بېسىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن كوللېكتىپ زىيانغا ئۇچرىدى. ئوسمانشا ئاخۇن بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ، دادۇي رەھبەرلىكىگە ئاكتىپ ياردەملىشىپ، ھەممە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاممىغا تەشۋىق-تەربىيە ئېلىپ باردى ھەمدە ئۆزى بىر قىسىم ياشانغانلارنى باشلاپ خامانغا بېرىپ ئەمگەك قىلىپ، ئاشلىقنى پاكىزلەپ ئامبارغا كىرگۈزدى. ئۇنىڭ ھەركىتى ئاممىنى قوزغاپ، ئاممىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.

ئوسمانشا ئاخۇن ھەممىلا جايدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغدىدى، ئاممىغا كونا ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش، توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يىتىم ئىشلىرىنى تېجەشلىك ئۆتكۈزۈش، مەدەنىيەتلىك بولۇش، ئەدەپلىك بولۇش، كونا ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا تەربىيە بەردى.

كۆپ يىللاردىن بېرى، ئۇ مىللىي، دىنىي سىياسەتلەرنى نەمۇنىلىك تۈردە ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى؛ ئۇ يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە كەڭ ئامما ئىشەنگەن ياخشى ئاخۇن بولۇپ قالدى.

(قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە مىللىي-دىنىي ئىشلار باشقارمىسى)

## نامان رەقىپ

نامان رەقىپ، ئۇيغۇر، 76 ياش، ئاخۇن، 1954-يىلى ۋە 1959-يىلى ئىلگىر-كېيىن بولۇپ، قۇمۇل ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ ئەزاسى ۋە دائىمىي ئەزاسى بولۇپ سايلانغان. ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرىنى تۆۋەندىكىچە تونۇشتۇرىمىز:

1. ئەستايىدىل ئۆگىنىدۇ، مىللىي، دىنىي سىياسەتلەرنى تەشۋىق قىلىش جەھەتلەردە ئىزچىل ئاكتىپ بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى دائىم ئىنكاس قىلىپ تۇرىدۇ، ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەللىيلەشتۈرۈش جەھەتتە، ھۆكۈمەت بىلەن دىنىي ئېتىقات قىلغۇچى ئامما ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ، تىنچ-ئىتتىپاق بولۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاممىنىڭ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى چىڭىتتى.

2. ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇ ئاممىغا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى ئۇستۇرۇپ، بەزىلەرنىڭ خاتا تەشۋىقاتىغا رەددىيە بەردى.

3. مەدەنىيەتلىك بولۇش، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى، كوچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش، ۋەتەننى كوكەرتىش پائالىيەتلىرى باشلانغاندىن بۇيان، ئۇ ئاممىغا ئاكتىپ تەشۋىق

قىلدى، بولۇپمۇ ياشلاردىن 5 كە دىققەت قىلىش، 4 تە گۈزەل بولۇش پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىش، چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىش، ئۇزۇن چاچ قويماسلىق، تاماكا چەكمەسلىك-ھاراق ئىچمەسلىك، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلغۇچى ياش ئەۋلاتلاردىن بولۇشنى تەلەپ قىلدى.

4. ئۇ ئەمگەكچى ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققاچقا، زادىلا ئەمگەكتىن ئايرىلىپ باقمىدى. 1958-يىلى، ناھىيىلىك سىياسى مەكتەپ باغ ۋە سەيلىك بىنا قىلغاندىن كېيىن، ئۇ باشقۇرۇش خىزمىتىگە قاتناشقاندىن تاشقىرى، كۆپچىلىك بىلەن بىللە ئەمگەككە قاتناشتى، يىغىۋېلىنغان مېۋە ۋە كوكتاتلارنى سىياسى مەكتەپ ۋە باشقا ئورۇنلارغا يەتكۈزۈپ بەردى. ئۇ يەنە جامائەتنىڭ مال-مۈلكىنى كوز قارچۇغىدەك ئاسرىدى، "مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى" مەزگىلىدىمۇ، بۇ يەردە ئىشلەپچىقىرىش ئوبدان باشقۇرۇلۇپ، مەھسۇلات زىيانغا ئۇچرىمىدى.

(قۇمۇل ناھىيىلىك سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى)

## ئابدۇرىشىت ئاخۇن

ئابدۇرىشىت ئاخۇن، 74 ياش، ئەسلى تۇرپاندىن، 1954-يىلى ئۈرۈمچى شۇيمۇگۇ رايونى ليۇداۋان كومۇركېنىغا كەلگەن، ھازىر كومۇركان مەسچىتىنىڭ ئىمامى.

ئۇ ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدۇ، قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدۇ، دولەتنىڭ سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىدۇ. ئۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، جەمىيەت تەرتىپىنى تېچلاندۇرۇش، كېيىنكى ئەۋلاتلارنى تەربىيىلەش قاتارلىق جەھەتلەردە ھوكۇمەتكە ياردەملىشىپ كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، يەرلىك ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ۋە كەڭ ئام-مىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. تۆۋەندە ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىش ئىزلىرىنى تونۇشتۇرىمىز:

1. ئاممىغا تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنى تەربىيىلىدى. ئۇ دائىم روزى ھېيت، قۇربان ھېيت نامازلىرىدىن پايدىلىنىپ، ھوكۇمەتنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنى تەربىيىلىدى. مەسىلەن، 1981-يىلى قۇربان ھېيت نامىزىدا ئاممىغا دولەتنىڭ قانۇن-پەرمانلىرىغا رىئايە قىلىش؛ ھارام نەرسىلەرنى ئالماسلىق؛ چوڭلارغا ھورمەت قىلىش-كىچىكلارنى ئاسراش؛ زاۋۇت-كاننىڭ قائىدە-تۈزۈملىرىگە رىئايە قىلىش، ئىش ۋاقتىدا، بولۇپمۇ قۇدۇققا چۈشكەندە ھاراق ئىچمەسلىك، 8 سائەت تولۇق ئىشلەش قاتارلىق 11 مەسىلىنى قويدى. بۇ، ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ ھاراق ئېچىپ چاتاق چىقىرىش، ئوغرىلىق قىلىش قاتارلىق قىلمىشلىرىنى توسۇشتا مەلۇم تەربىيىۋى رول ئوينىدى.

2. تەشكىلگە ماسلىشىپ، نىكا قانۇنىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلدى. بەزىلەر توي قىلغاندا ئۇنى نىكا ئوقۇپ قويۇشقا تەكلىپ قىلغاندا، ئۇ ھەممىشە ئاۋال پەتتە ئالغان-ئالمىغانلىقىغا قارايدۇ. ليۇداۋان كومۇركېنىنىڭ كادىرى توختى ھېلىم توي قىلغاندا نىكا قەغىزىنى ئويدە ئۇنتۇپ قالغان، شۇ مەيداندىكىلەر ئۇنىڭ راستلا پەتتە ئالغانلىقىغا گۇۋالىق قىلىشىمۇ، ئابدۇرىشىت ئاخۇن يەنىلا نىكا قەغىزىنى كۆرۈشنى ئېيتقان، ئاخىر ئادەم ئەۋەتىپ نىكا قەغىزىنى ئەكەلدۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن نىكا قىلىپ قويغان.

3. تېجەشلىك بىلەن ئىش قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئىلگىرى نەزىر قىلغاندا ئومۇمى يۈزلۈك پۇل قويىدىغان، سوغا ئالىدىغان ئادەت بار ئىدى. ئابدۇرىشىت ئاخۇن دىنىي ئەقىدىلەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، نەزىردە پۇل

قويماسلىق، سوغا ئالماسلىق توغرىسىدىكى قائىدىلەرنى چۈشەندۇرۇپ، ئاممىنى نەزىر قىلمغاندا پۇل قويماسلىققا، سوغا ئالماسلىققا دالالەت قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئاممىنىڭ سېلىغى يەڭگىللەپ، ئۇنىڭ تەشەببۇسى قارشى ئېلىندى.

4. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىدى. كومۇركاندىكى مەسچىتنىڭ بىر ئەگمىسىنى بىر خەنزۇ يولداش ياساپ بەرگەن ئىدى. بەزىلەر مەسچىتنى رېمونت قىلىشتا خەنزۇ قاتناشماسلىقى كېرەك دەپ قارىدى. ئابدۇرېشىت ئاخۇن، خەنزۇمۇ بىزگە ئوخشاش ئادەم، ئۇ بىزگە ياردەم قىلىشنى خالىغان ئىكەن، ئۇنىڭ ئەمگىكىگە ھورمەت قىلىشىمىز، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىشىمىز، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى بىرلىكتە گۈللەندۇرۇشىمىز كېرەك، دېدى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ سىرتتىن كەلگەن ئاخۇنلارنىڭ مەسچىتكە كېلىپ كەلسە-كەلمەس سوزلەرنى قىلىشىغا يول قويمىدى، بۇنداقلاردىن يۇرتىغا قايتىپ كېتىشى تەس بولغانلارغا ئاممىنى قوزغاپ يول كىراسىنى ھەل قىلىپ، يولغا سېلىپ قويدى.

(ئۈرۈمچى شەھىرى شۈيمۇگۇ رايونىدىن)

## توختى ئاخۇن

توختى ئاخۇن توخسۇن ناھىيىلىك سىياسى مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ دائىمى ئەزاسى، توتەي گۇڭشېسىدىكى دىنىي زاتلار ئۇگىنىش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىغى، قاراسۇ مەسچىتىنىڭ ئىمامى.

ئۇ ئىزچىل تۇردە ھوكۇمەتنى ھىمايە قىلىپ، رەھبىرىي ئورۇنلارغا ئاممىنىڭ پىكىرلىرىنى ئاكتىپ ئىنكاس قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاساسىي قاتلاملاردىكى ئاممىغا مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلەرنى تەشۋىق قىلىپ كەلدى. ئۇ مۇسۇلمانلارغا ۋەز ئېيتقانلىرىدا، كىشىلەرنى دولەتكە ئاشلىق سېتىپ بېرىشكە، تېرە، ئۇچەيلەرنى دولەتكە سېتىپ بېرىشكە ئىلھاملاندۇرۇپ كەلدى؛ نىكا قانۇنىنى تەشۋىق قىلدى، مەدىنىيەت ئۇگىنىش، بانكىغا ئاكتىپلىق بىلەن پۇل ئامانەت قويۇش، كوچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى.

ئۇ ئاغزىدا تەشۋىق قىلىپلا قالماستىن، تەشۋىق قىلغانىنى ئوز ئەمەلىيىتىدە كورسىتىپ، نەمۇنىلىك-باشلامچىلىق رول ئوينىدى. بولۇپمۇ كوچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش جەھەتتە بىرقەدەر زور نەتىجە ياراتتى: 1980-يىلدىن 1982-يىلغىچە بولغان 3 يىل ئىچىدە، ئۇ شىرىپجان داموللا بىلەن بىرلىكتە بىر چوڭ ئوستەڭ ئىچىدىكى زەيكەش ئورۇننى تاللاپ تۈزلەپ، مۇداپىئە توغانلىرىنى ياساپ، 30 مودەك يەرنى تۈزلەشتۇرۇپ، 38 مىڭ تۈپ ھەر خىل كوچەتلەرنى تىكتى ھەمدە 6 قېتىم كەڭ كولەملىك ئورمان ئاسراش پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ باشلامچىلىق قىلىشى ۋە ئىلھاملاندۇرۇشى ئارقىسىدا، باشقا گۇڭشېلاردىكى دىنىي زاتلار 1982-يىلى كوچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش مەزگىلىدە 35 مىڭ تۈپ كۈچەت تىكتى. توختى ئاخۇن يەنە مەسچىتنىڭ ئەتراپىدىكى 3 مودىن ئارتۇق يەرگە باغ بىنا قىلدى، يەنە دۆينىڭ ماقۇللۇغىنى ئېلىپ، يول بويلىرىغا 2 مىڭ تۈپتىن كوپ جىرىم قويۇپ، ۋەتەننى كوكەرتىشكە توھپە قوشتى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇشىغا كوڭۇل بولۇپ، ئاما ئارىسىدىكى ماجىرالارنى ياراشتۇرۇپ، رەھبەرلىكنىڭ ۋە ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

(توخسۇن ناھىيىسىدىن)

www.uyghurkitap.com

# دىنىي سىياسەت نىڭشيادا يېڭىۋاشتىن نۇر چاچماقتا

نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھوكۇمەتلىرى دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىزچىل ئەمىلىيلەشتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمىيىتى 1979-يىلى ئەسلىگە كەلتۇرۇلگەندىن ۋە ئىش باشلىغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايون بويىچە كەينى-كەينىدىن 1 مىڭدىن ئارتۇق مەسچىت ئېچىلدى، ئىماملىققا ئاخۇنلار تەكلىپ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەرقايسى مەسچىتلەردە ئىماملارغا ياردەملىشىپ، ئاممىنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشۇپ بېرىدىغان مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى سايلاپ چىقىلدى، شۇنىڭ بىلەن، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇش ئېھتىياجى قاندۇرۇلۇپ، دىنىي پائالىيەتلەر پەيدىن-پەي نورماللاشتۇرۇلدى.

نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى — ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان 1 مىليون خۇيزۇ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. ئازاتلىقتىن بۇيان، يەرلىك ھوكۇمەتلەر مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ۋە ھورمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ نورمال دىنىي تۇرمۇشى كاپالەتلەندۇرۇلگەن ئىدى.

لېكىن "10 يىللىق ئىچكى مالىمانچىلىق" مەزگىلىدە، مىللى، دىنىي خىزمەتلەر ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشى مەنئى قىلىندى، مەسچىتلەر بۇزۇپ تاشلاندى، قۇرئانلار كويدۇرۇپ تاشلاندى، بۇنداق ئەھۋال ئادەتتىكى بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالدى، نۇرغۇنلىغان دىنىي زاتلارغا "ئەكسىيەتچى ئاخۇن"، "جىن-شەيتان" دىگەن قالپاقلار كىيدۇرۇلۇپ، نۇرغۇن ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلەر پەيدا قىلىندى، ھەتتا بەزىلەر زىيانكەشلىك بىلەن ئولتۇرۇلدى. دىنىي ئېتىقات ۋە ئەركىنلىك قانۇن كاپالىتىدىن مەھرۇم بولغاچقا، نۇرغۇن جايلاردىكى مۇسۇلمانلار يا نائىلاج دىنىي پائالىيىتىنى توختاتتى، يا بولمىسا دىنىي پائالىيىتىنى يوشۇرۇن ئېلىپ باردى، بەزى ياشانغانلار ھەتتا سىياسەت ئۆزگىرىپتۇ، دىنىمىز تۇگىشىپتۇ دەپ زار قاخشاپ يىغلىدى.

"4 كىشىلىك گورۇھ" تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، خەلق ھوكۇمىتى مىللى، دىنىي سىياسەتلەرنى ئىزچىل ئەمىلىيلەشتۇرۇش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، دىنىي ساھەدىكى ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىدەلەرنى كەينى-كەينىدىن ئاقلىدى ھەمدە دىنىي زاتلارنى سىياسى جەھەتتە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردى، تۇرمۇش جەھەتتە ئۇلارغا مۇۋاپىق ئېتىۋار بەردى. 1980-يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىغى بار دىنىي خادىملارغا بەرگەن ياردەم پۇلى 80 نەچچە مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇ ئىشلار دىنىي ساھەدىكى زاتلارنىڭ ۋە كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ۋە سەمىمى ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.

خەلق ھوكۇمىتى دىنىي سىياسەتنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىزچىل ئەمىلىيلەشتۇرۇپ، دىنىي خىزمەتلەرگە ئەھمىيەت بەرگەچكە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دىنىي ھېيت بايرام-

(ئاخىرى 39-بەتتە)





جوڭگو ئىسلام جەمىيىتى 4 ـ نۇۋەتلىك كومىتېتى 3 ـ
سانلىق دائىمى ھەيئەتلەر يىغىنىنىڭ يىغىن مەيدانى.
(سۈرەتنى چېن جىنخۇي تارتقان)



شىنجاڭلىق دائىمى ھەيئەتلەر يىغىندا دوكلات
ئاڭلىماقتا.
(سۈرەتنى چېن جىنخۇي تارتقان)



شىنجاڭلىق دائىمى ھەيئەتلەر گۇرۇپپا يىغىنىدا.
(سۈرەتنى چېن جىنخۇي تارتقان)



جوڭگو ئىسلام جەمىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ما تېكئەي قاتارلىق-
لار ئىسلام جەمىيىتىدە دىنىي كىتاپلار كۆرگەزمىسىنى كۆرمەكتە.
(سۈرەتنى يۈي كەيفېڭ تارتقان)




مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىغى يولداش ياڭ جىڭرېن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونى ئىسلام دىنى كەسپىي خادىملىرى ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرىنى قوبۇل قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» نەشردىن چىقىش ئالدىدا تۇرماقتا

«خەلق» گېزىتىنىڭ 1983-يىل 4-ئاينىڭ 20-كۈنىدىكى سانىدا خەۋەر قىلىنىشىچە: بۇرھان شەھىدى يازغان «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» دېگەن كىتاپ مەدەنىيەت-تارىخ ماتىرىياللىرى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا. بۇرھان شەھىدى 30-يىللاردا ئىنقىلاپقا قاتنىشىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىگىنى قوغداش ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئازاتلىققا چىقىرىش يولىدا ئىجابى تۆھپە قوشقان پېشقەدەم يولداش. ئۇ «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»دا، شىنجاڭنىڭ 50 يىلدىن بۇيانقى ھەر بىر مۇھىم تارىخىي باسقۇچلاردىكى سىياسى ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ئۆزىنىڭ بىۋاستە كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق ئەتراپلىق ۋە كونكرېت ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. كىتاپتا بىرنەچچە قىممەتلىك تارىخىي سۈرەت بېرىلدى. يولداش ۋاڭ جېن بۇ كىتاپ ئۈچۈن كىرىش سوز يېزىپ بەردى.

بۇ ژۇرنالنىڭ تەرجىمە-تەھرىرلىگىنى خوجائابدۇللا ئۇسمان، ئۇسمان موللەك، تۇرغۇنجان سۇلتان، ماشىگرىن ئىشلىدى

中国穆斯林（维吾尔文版）第2期（总13期）　　جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى (2-سان)

出版：中国穆斯林编辑部
地址：北京宣武区南横西街103号
印刷：民族印刷厂
制版：北京市制版厂
订购发行：北京伊斯兰教经书流通处
地址：北京宣武区南横西街103号

نەشر قىلغۇچى: جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى تەھرىر بولۇمى
(بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى غەربىي نەنخېڭجيې كوچىسى 103-قورا)
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇدى
تارقاتقۇچى ۋە مۇشتىرى قوبۇل قىلغۇچى: بېيجىڭ ئىسلام دىنى كىتاپلىرىنى سېتىش ئورنى
(بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى غەربىي نەنخېڭجيې كوچىسى 103-قورا)

北京市期刊登记证第837号　　•公开发行•　　每册定价：0.30元